كرىلوف مەسەللىرى



# قاغا بىلەن تۈلكە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

www.uyghurkitap.com




ISBN 978-7-228-10710-0

定 价:6.00元

# كرىلوف مەسەللىرى

## قاغا بىلەن تۈلكە

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

克雷洛夫寓言. ②/(俄罗斯)克雷洛夫语言；艾合买提·伊明译—
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.12
ISBN 978-7-228-10710-0

Ⅰ.克... Ⅱ.①克...②艾...Ⅲ. 寓言—作品集—俄罗斯—近代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I512.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第158069号

责任编辑：阿不都吾甫尔·赛义丁
责任校对：阿依故丽·沙吾提
封面设计：米尔扎提·阿不都拉塔吉
绘　　图：阿米尔·托合提

**克雷洛夫寓言②**（维吾尔文）
艾合买提·伊明　译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　3.375印张　2插页
2007年7月第1版　2009年2月第2次印刷
印数：3061—8060

---

ISBN 978-7-228-10710-0　定价：6.00元

بۇ كىتاب جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 1984 - يىل 4 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据江西人民出版社1979年6月第1版、1984年4月第2次印刷本翻译出版的版本重新编辑出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇغوپۇر سەئىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۇل سابىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئامىر توختى


كىرىلوف مەسەللىرى — 2
تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 3.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2007 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىلى 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى : 8060 —— 3061
ISBN 978 — 7 — 228 — 10710 — 0
باھاسى : 6.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

# تەرجىماندىن

ئىۋان ئاندرېۋىچ كرىلوف (1769 — 1844) روسىيە دراماتورگى، ژۇرنالىستى ۋە مەشھۇر مەسەل يازغۇچىسى. مەسەلچىلىك ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كرىلوفنىڭ مەسەللىرى روسىيە ئەدەبىياتى رېئالىزمىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ تونۇلغان. ئۇنىڭ مەسەللىرىدە ئەزگۈچى سىنىپلارغا لەنەت، ئېزىلگۈچىلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ مەسەللەردە روسىيە خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆزگە يارقىن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسەللەردىن روسىيىدىكى ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ھەر خىل ئىدىيە، ھېسسىيات، مۇرەككەپ خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ توغرا، ھەققىي، ئەينەن قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتابقا كرىلوفنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا يازغان بارلىق مەسەللىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەسەللەر ئەسلىدە شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان. ۋۇ يەن ئەپەندى بۇنى خەنزۇ تىلىغا ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىمۇ ئەسلىي شېئىرىي نۇسخا ئىكەن. لېكىن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش مەقسىتىدە نەسرىي شەكىل قوللىنىلغان. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بۇ نۇقتا ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلۇپ، سۆزلەر بىر قەدەر ئەينەن ئېلىندى، جۈملىلەر بەك ئەركىن، يۇمشاق ئىشلىنىپ كەتكىنى يوق. ئارىدا ئىنگلىزچە،



خەنزۇچە ئىككى تىل كۆۋرۈك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە كرىلوف ئىجادىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىدىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقسانىنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلىي رۇس- چىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى بىلەن تېخىمۇ تولۇقلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


قاغا بىلەن تۈلكە ........................ 1
دۇب دەرىخى بىلەن قومۇش ........................ 3
يېزا سازەندىلىرى ........................ 6
قاغا بىلەن مېكىيان ........................ 7
ساندۇقچە ........................ 9
پاقا بىلەن ئۆكۈز ........................ 11
ئولتۇرۇپ قالغان قىز ........................ 12
بارناس تېغى ........................ 16
بۇتنىڭ كارامىتى ........................ 18
قوڭغۇراقۋاش ........................ 20
دەرەخزارلىق بىلەن ئوت ........................ 22
سەۋەقۇشى بىلەن كىرپە ........................ 24
بۆرە بىلەن قوزا ........................ 25
مايمۇن ........................ 28
سېرىق چۈمچۈق ........................ 30
ئېشەك ........................ 32
مايمۇن خېنىم ۋە ئۇنىڭ كۆزەينىكى ........................ 34
ئىككى پاختەك ........................ 35
ئالتۇن رۇبلى ........................ 40
ئۈچ خوتۇنلۇق كىشى ........................ 42
خۇداسىز قوۋم ........................ 44
بۈركۈت بىلەن توخۇ ........................ 46




پاقىلارنىڭ پادىشاھ تەلەپ قىلىشى.................... 49

شىر بىلەن قاپلان.................... 52

سىياسەتچى بىلەن مۇتەپەككۇر.................... 54

ۋابا ئالدىدا.................... 55

ئىتنىڭ دوستلۇقى.................... 59

پايدا بۆلۈشۈش.................... 62

تۇڭ .................... 64

تايغانلار ماكانىغا كىرىپ قالغان بۆرە.................... 66

ئېرىق.................... 68

تۈلكە بىلەن سۇغۇر.................... 70

يولۇچىلار بىلەن تايغان.................... 72

يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە.................... 73

يالغانچى .................... 75

بۈركۈت بىلەن ھەسەل ھەرىسى.................... 78

ياۋا توشقاننىڭ شىكارغا چىقىشى.................... 80

قىزىل بارراكۇدا بېلىقى ۋە مۈشۈك.................... 81

بۆرە بىلەن كاككۇك.................... 83

خوراز بىلەن مەرۋايىت.................... 85

باي دېھقان بىلەن ئۇنىڭ يىللىقچىسى.................... 86

مال بېسىلغان ھارۋىلار.................... 88

قاغا بالىسى.................... 90

پىلنىڭ يۇرت سورىشى.................... 93

ئېشەك بىلەن بۇلبۇل .................... 95

باي بىلەن موزدوز .................... 97






ئۇيغۇر كىتاب تورپىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitab.com

# قاغا بىلەن تۈلكە

تەخسىكەشلىكنىڭ پەسكەشلىكى ۋە رەزىللىكى توغرىسىدا تالاي گەپلەرنى قىلدۇق. لېكىن، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. يەنە ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، خۇشامەتچىلەر دائىم بىزنىڭ قەلبىمىزدىن كاۋاك ئىزدەيدۇ.

* *

خۇدا نېمىشقىدۇر قاغىغا بىر پارچە پىشلاق نېسىۋە قىپتۇ. قاغا ئاق شەمشاد دەرىخىنىڭ تۆشۈكىگە كىرىۋېلىپ، بۇ نەرسىنىڭ لەززىتىنى سۈرمەك بوپتۇ.

ئۇ ئەمدىلا پىشلاقنى چىشلەپ خىيال سۈرۈپ تۇرغاندا، بەختكە قارشى بىر تۈلكە مەززىلىك پۇراقنى پۇراپ شاقىقىدە توختاپتۇ. ئۇ پىشلاقنى كۆرۈپ تىلىنى تامشىپتۇ، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە دەرەخكە يېقىنلىشىپتۇ ۋە كۆزىنى پىشلاقتىن نېرى قىلماي، يېقىملىق، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن دانە - دانە قىلىپ قاغىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاھ، نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئوماق قۇش سىز! بۇنداق بويۇن، بۇنداق كۆزلەرنى پەقەت جەننەتتىلا كۆرۈش

* كرىلوف «قاغا بىلەن تۈلكە»دىن بۇرۇن، «تارتىنچاق قىمارۋاز»، «قىمارۋازنىڭ تەقدىرى»، «توز بىلەن بۇلبۇل»، «مېھماندىن بىزار بولغان ساھىبخانا» قاتارلىق تۆت مەسەل ئېلان قىلغان. بۇلار XVIII ئەسىردىكى رۇس مەسەلچىسى سۇماروكوف ھەم خېمنىسارنىڭكىگە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان. لېكىن كرىلوف بۇ ئەسەرلەرنى توققۇز جىلدلىق مەسەللەر توپلىمىغا كىرگۈزۈشكە باشتىن - ئاياغ قوشۇلمىغان.





مۆمكىن ! ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيلىرىڭىزچۇ، تۇمشۇقىڭىزچۇ تې-
خى ! ئاغزىڭىزنى ئاچسىڭىزلا پەرىشتىدەك ئاۋاز چىقىرىشىڭىز
چوقۇم. سايراڭ، سۆيۈملۈكۈم، تارتىنماڭ ! ئېھ، سىڭلىم،
راست گەپ، يارىلىشتىمۇ ھەممىنى مەپتۇن قىلغۇدەك يارد-
لىپتىكەنسىز، ئەگەر سايرىشىڭىزمۇ ئاشۇنداق مەپتۇن قىلار-
لىق بولىدىغان بولسا، قۇشلار ئىچىدە ھەممىنى تەزىم قىلدۇ-
رىدىغان خانىشقا ئايلىنىسىز !

تۈلكىنىڭ بۇ ماختاشلىرىدىن كاللىسى ئايلانغان نادان



قاغا خۇشاللىقىدىن
ئۆزىنى ئۇنتۇپ،
ئۇنىڭ يېقىملىق
كولدۇرلىتىشى بى-
لەن ئاخىر ئاغزى-
نى ئېچىپتۇ، يەنى
ئۆزىنىڭ بىلگىنى
بويىچە سەت قا-
قىلداپتۇ.

لېكىن، شۇئان
ئاغزىدىكى پىشلاق
يەرگە چۈشۈپتۇ،
ھەش - پەش دې-
گۈچە تۈلكە
پىشلاق بىلەن بى-
لە كۆزدىن غايىب
بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# دۆب دەرىخى ۋە قومۇش

ئۆكتەبىرنىڭ بىر كۈنى، دۆب دەرىخى قومۇشقا مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ياراتقۇچىدىن زارلىنىشقا ھەقلىق. مانا قارا، ئەقەللىي بىر قۇشقاچنىمۇ كۆتۈرەلمەيسەن، سۇ يۈزىنى ئاران چىمىرلىتالايدىغان ئاجىز شامالمۇ سەن ئۈچۈن بالايىئاپەتتەك بىلىنىپ، ئىرغاڭلاپ كېتىسەن، بېشىڭ يەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ، كۆڭلۈڭ ئېغىر، بۇ بىچارە ھالىڭغا ھەر كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.

مەن بولسام كاۋكازنىڭ چوققىسىدەك، ئۇششاق - چۈششەكلەرگۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ھەتتا قۇياشنىڭ ھەيۋىسىمۇ مېنىڭ ئالدىمدا بىر تىيىن. مەن دەھشەتلىك بورانىنىمۇ نەزىرىمگە ئالمايمەن، گۈلدۈرمامىمۇ مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، خۇددى ھېچنېمە تەگ كېلەلمەيدىغان تىنچلىق قالقىنىم باردەك، قەددىمنى مەغرۇر كېرىپ تۇرغىنىم تۇرغان.

ساڭا مەيىن شامال قارا بوراندەك بىلىنسە، ماڭا قارا بوران مەيىن شامالدەك بىلىنىدۇ. ئەگەر سەن ماڭا يېقىنراق يەردە ئۆسكەن بولساڭ، مەن باراقسان شاخلىرىم ئاستىدا ساڭا سايە بەرگەن، جۇدۇنلۇق كۈنلەردە سېنى مۇھاپىزەت قىلغان بولاتتىم. ئەپسۇسكى خۇدا ساڭا بوران ئىلاھى قۇترايدىغان

---

* كرىلوفنىڭ بەزى مەسەللىرى ئىزوپ، لافونتېنلارنىڭ مەسەللىرىدىن، شۇنىڭدەك ھىندى ھېكايەتلىرىدىن ئېلىنغان. «دۆب دەرىخى ۋە قومۇش» ئەسلىدە لافونتېننىڭ ئەسىرىدىن قىلىنغان تەرجىمە؛ لېكىن كرىلوف قايتا ئىجادىيەت قىلغانلىقتىن، بۇنىڭدىن ھەتتا تەرجىمىنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.





دەريا ساھىلىدىن، يامغۇر - يېشىنلىق زېمىندىن ماكان بېرىپتۇ. بۇ ھالىڭدىن قارىغاندىمۇ تەقدىر ساڭا شاپائەت قىلمايدىغان ئوخشايدۇ.

— سەن ھەقىقەتەنمۇ بەك مېھرىبان ئوخشايسەن، — دەپتۇ قومۇش مەنسىتمىگەن ھالدا، — لېكىن سەن مەندىن بەك غەم يەپ كەتمە. مېنىڭ تەقدىرىمگە ئارامخۇدا ياشاش پۈتۈلگەن. بوراندىن قورقسام، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ئىرغاڭلاپ كەتسەممۇ ھەرگىز سۇنمايمەن. ئۇلار ماڭا زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. مېنىڭچە ساڭا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر چوڭدەك قىلىدۇ. راست، بۈگۈنگىچە سەن دەھشەتلىك بورانلاردىمۇ قەددىڭنى تىك تۇتۇپ تۇرۇۋاتىسەن، جۇدۇن - چاپقۇنلاردىن قېچىپ يەرگە يېتىۋالغىنىڭمۇ يوق، لېكىن ئاخىرى قانداق بولىدۇ، تېخى كۆرىمىز.

قومۇشنىڭ گېپى ئەمدى تۈگەپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر يېغىپ، شىمالدىن بوران ئىلاھى تەۋرەپ چىقىپتۇ. دۇب دەرىخى پۈكۈلمەي تىك تۇرۇپتۇ، قومۇش بولسا يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋاپتۇ. جۇدۇن - چاپقۇنلۇق بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغانلىقىدىن چوڭ سۆزلىگەن، مەزمۇت پۇتلىرى بىلەن يەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ تۇرغانلىقىدىن كۆرەڭلىگەن دۇب دەرىخىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ يەرگە يىقىتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# يېزا سازەندىلىرى

بىر كىشى ئاغىنىسىنى ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئاغىنىسىنى ئانچە - مۇنچە قۇۋۋەتلەندۇرۇپ قويۇش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا نەغمە - ناۋا قىلىپ بېرىش ئىكەن.

ئۇنىڭ كېلىشىگە يېزا سازەندىلىرى نەغمىنى باشلاپتۇ. نەغمە شۇنداق يېقىمسىز، شۇنداق جىزىلداق چىقىپتۇكى، مېھماننىڭ قۇلاقلىرى پۈتۈپ، بېشى ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

— كەچۈرگىن، بۇرادەر، — دەپتۇ مېھمان، — يېرىم كۈن بولدى، بۇ سازەندىلەرنىڭ قالايمىقان ساز چېلىپ، جېنىمدىن جاق تويغۇزدى، ئەمدى پەقەت ئاڭلىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— توغرا دەيسەن، توغرا، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى ئاغىنىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، — بۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇستا سازەندىلەر ئەمەس، بۇنىڭغا مەن ئىقرار، بىراق ھەممىسى ئەدەپلىك ئادەملەر، يەنە كېلىپ ھەممىسىلا ھاراق ئىچمەسلىككە قەسەم قىلغان.

لېكىن، مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئۇلار ھەقىقەتەن ساز ئەھلىلىرىدىن بولغان بولسا، كۈن بويى ھاراق ئىچىشىدىمۇ رازى ئىدىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قاغا بىلەن مېكىيان

كىنەز سمولېنسكىي دۈشمەنلەرنىڭ ئەسەبىي خورىكىنى ئۇرۇپ چۈشۈرمەكچى بولۇپ، موسكۋادىن چېكىنىپ چىقىش ئارقىلىق يېڭى ۋاندالىلارنى قىلتاققا چۈشۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپتۇ. بۇ پىلان بويىچە پۈتۈن پۇقرالار مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خۇددى ھەرە ئۇۋىسى چۇۋۇلغاندەك، شەھەرنى تاشلاپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

بۇ چاغدا ئۆگزىدە تۇمشۇقىنى پەيلىرىگە سۈركەپ، پەستىكى پاتىپاراقچىلىققا قاراپ تۇرغان بىر قاغا ھارۋىدىكى بىر مېكىياندىن سوراپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، بۇ نېمە ئىش، مۇشۇنداقلا كېتىدىغان گەپمۇ؟

— رەھىمسىز دۈشمەنلىرىمىز دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قاپتۇدەك ! — دەپ ۋارقىراپتۇ مېكىيان پەستە.

— كېلىپ قالسا ماڭا نېمە بولاتتى، — دەپتۇ قاغا ۋالاقلاپ، — مەن كەتمەيمەن، سەن قورقۇنچاقلار كەتسەڭ كېتىۋەر ! ئۇلار مەندەك قاغىنى پىشۇرۇپ يەيتتىمۇ. مەن

* بۇ مەسەلدە 1812 - يىلدىكى ۋەتەن ئۇرۇشى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كرىلوف بۇنىڭدا ئالېكساندىر I نىڭ كۆز قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، گېنېرال كۇتۇزوۋنىڭ موسكۋانى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويغىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ بۇ دانە تەدبىر ئارقىلىق فرانسىيە ئارمىيىسىنى قاپقانغا دەسسىتىپ بىراقلا يوقىتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىنى ھەل قىلغان، دەپ ھېسابلىغان؛ شۇنداقلا قاغىنى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ مادارا قىلىش خاھىشىنى ۋە پۇرسەتپەرەسلىكىنى قامچىلىغان.



ئۇلار بىلەن چىقىشىپ قالىمەن. ئۇلاردىن ماڭا ئوبدان بىرنېمە تېگىپ قالامدۇ تېخى. يا بىر پارچە پىشلاق، يا بىرەر تال سۆڭەك، ئىشقىلىپ بىرەر نېمە تېگىپ قالار. ئاقيول بولسۇن ساڭا مېكىيانخان، كۆرۈشكۈچە ئامان بول !

شۇنداق قىلىپ، قاغا راستتىنلا قېپقاپتۇ. كېيىن ئىش قانداق بوپتۇ دېمەمسىلەر؟ فرانسۇزلار سمولېنسكىينى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئاچلىقتىن تاسمىلىرىنى چىگىتىشقا باشلىغان چاغدا، ھەي، شۇ چاغدا قاغىغا ئوبدان نەرسە نەدە دەيسىلەر، ئۇلار شورپىغا ئانچە – مۇنچە لەززەت كىرگۈزۈش ئۈچۈن قاغىنىمۇ قازانغا تاشلاپتۇ.

* *

ئادەم دېگەننىڭ پىلانى پات – پات مۇشۇنداق قارىغۇلارچە، ئەخمىقانە بولۇپ قالىدۇ. سەن چوقۇم ئامەتكە ئېرىشىمەن دەيسەن، لېكىن ئاقىۋەتتە خۇددى ئاشۇ قاغىغا ئوخشاش، خەقنىڭ قازىنىغا چۈشۈپ شورپىغا ئايلىنىسەن.









ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ساندۇقچە

ئەڭ ئادەتتىكى بىر ئىشمۇ قول سېلىپ ئىشلەشتىن بۇرۇن ئادەمگە ناھايىتى قىيىن بىلىنىدۇ. لېكىن، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى كاللا ئىشلىتىشتە، مېڭە ئىشلەتسىلا پۈتمەيدىغان ئىش يوق.

*

بىر كىشى يېڭى ياسالغان بىر ساندۇقچىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. بۇ ساندۇقچە ھەم نەپىس، ھەم چاققان ياسالغاچقا، ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرۈپ زوقلىنىپتۇ.

شۇ ئارىدا بىرەيلەن يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بۇنداق نېمىلەردىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار ئىكەن.

— بۇ ساندۇق سەل سىرلىق ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ ساندۇقچىغا سىنچىلاپ قاراپ، — مانا قاراڭلار، قۇلۇپىمۇ يوق. لېكىن، مەن سىلەرگە ھۆددە قىلىپ ئېيتالايمەنكى، مەن ئۇنى دەرھال ئېچىۋېتەلەيمەن! ھەي، ئاۋۇ چەتتە تۇرۇۋالغان گالۋاڭلار، ئادەمنى تولا زاڭلىق قىلىشما جۇمۇ، كارامىتىمنى ھېلى كۆرۈشسەن! مەن بۇنى ئېچىپ بولۇپ، بۇنىڭدىكى ھۆ-

---

* «ساندۇقچە» كرىلوفنىڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان تۇنجى مەسەلى بولۇپ، 1808 - يىلى «تىياتىر خەۋەرلىرى» دە ئېلان قىلىنغان. 1809 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان «ئىۋان كرىلوف مەسەللىرى»گە كىرگۈزۈلگەن 23 پارچە مەسەلنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئاۋۋال «تىياتىر خەۋەرلىرى»گە بېسىلغان. 1809 - يىلدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بۇ توپلىمى يېڭى مەسەللىرىنى تولۇقلاش ئارقىلىق كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنغان. كرىلوف ۋاپات بولغان چاغدا، «ئىۋان كرىلوف مەسەللىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر 197 گە يەتكەن.



نەرنى خالايىققا دەپ بېرىمەن، بۇنداق ئىشلار بىزنىڭ قولـ-
مىزدىن كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ساندۇقچىنى قولىغا ئېلىپ ئۇيەر -
بۇ يېرىنى تۇتۇپ بېقىپتۇ، ئۇ ياق - بۇ ياققا ئاغدۇرۇپ
سىلاپمۇ بېقىپتۇ. ئۇ مىخنى، بۇ مىخنى تارتىپ بېقىپتۇ،
تۇتقۇچىنى بېسىپمۇ بېقىپتۇ. بۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا
مىختەك قادىلىپ قاراپتۇ، بەزىلىرى بېشىنى چايقاپتۇ، بەزـ-
لىرى بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ، ئۆزئارا مەنىلىك
قارىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. يەنە بەزىلەر تۇرۇپ - تۇرۇپ: «ئەمەس !
ئەمەس ! ئۇ يەردە ئەمەس !» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ ھەدەپ ھەپىلەشىپ قارا تەرگە چۆمۈپتۇ، ئاخىر ئەپـ-
لەشتۈرەلمەي لاسىدە بولۇپ، ساندۇقچىنى جايىغا قويۇپ قوـ-
يۇپتۇ. ساندۇقچىنى زادى قانداق ئېچىش كېرەكلىكىگە كاللىـ-
سى زادى يەتمەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ساندۇقچىنى ئاچماق ناھايىتى ئوڭاي ئىدـ-
دى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پاقا بىلەن ئۆكۈز

بىر ئۆكۈز ئوت يەۋاتقانىكەن، بىر پاقا ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزىچە كۆچەپ، ئۇنىڭدىنمۇ يوغان بولۇپ كەتمەكچى بوپتۇ. مېنىڭچە ئۇ ناھايىتى ھەسەتخور پاقا بولسا كېرەك، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھاۋانى ئىچىگە قاتتىق سۈمۈرۈپ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراڭ.

— ھەي قەدىرلىك پاقا ئاداش، — دەپتۇ ئۇ يېنىدىكى يەنە بىر پاقىغا، — قارىغىنا، مەن ئۆكۈزدەك يوغان بولدۇممۇ؟

— ياقەي، قەدىرلىكىم، ئۇنىڭغا يېتىشىشكە خېلى بار، — دەپتۇ يېنىدىكى پاقا.

— ئەمدى قاراپ باقە، خېلى چوڭايغاندەك تۇرىمەنمۇ. ئوبدان قاراپ، ئېنىق بىر گەپ قىلىپ باقە. ھە، مانا، تازا كۆچىدىم، ئەمدى يوغانغاندىمەن؟

— ھېچقانچە پەرقلەنمىگەندەك تۇرىسەنغۇ.

— ئەمىسە... ئەمدىچۇ؟

— يەنە بايىقىدەك تۇرىسەن شۇ.

ئۇ قانداق قىلسىمۇ ئۆكۈزدەك يوغىنالماي، يەنە قاتتىق بىر كۆچەپتىكەن، ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭغا خۇدا ئاتا قىلغان چەكتىن ئېشىپ، قورسىقى كۆپۈپ ۋاققىدە يېرىلىپ كېتىپتۇ. بۇ پاقا بۇ خىلدىكىلەرنىڭ تۇنجىسىمۇ ئەمەس، ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس. بۇنى ئويلىغاندا ئاددىي پۇقرالارنىڭ كاتتا بايلار بىلەن ھەشەمەتچىلىكتە بەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، دېھقان بالىسىنىڭ پۇلنى بەگ بالىسىدەك بۇزۇپ چېچىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ.





# ئۆلتۈرۈپ قالغان قىز

ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن، ئۇ ياتلىق بولماقچى بوپتۇ، بۇ نىيەتتىنغۇ يامان دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن يامان يېرى شەرتى ناھايىتى قاتتىق ئىكەن: لايىق چوقۇم كېلىشكەن، ئەقىللىق، سەمىمىي، ئىشەنچلىك، تېگى ئېسىل، ئۆزى ئابرۇيلۇق، ياش ۋە قاۋۇل بولۇشى كېرەك ئىكەن (ئۇنىڭ تەلىپى ھەقىقەتەن بەك ئېشىپ كەتكەن). دېمەك، ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇكەممەل ئادەم كېرەك، لېكىن نەدىمۇ مۇنداق مۇكەممەل ئادەم بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ يەنە بىر تەلىپى لايىق بولغان كىشى چوقۇم ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيۈشى، ئۇنى باشقىلاردىن قىلچىمۇ كۆنلىمەسلىكى كېرەك ئىكەن. توۋا، نېمىدېگەن قاتتىق تەلەپ بۇ – ھە!

ئۇ ئۆزگىچە چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خېلى – خېلى يىگىتلەر تەلەپ قويۇپ كەپتۇ. لېكىن، ئۇ قىز ھە دېسە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپتۇ. بۇنداق لايىقلار باشقا قىزلارغا توغرا كېلىپ قالغان بولسا، چوقۇم ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى، لېكىن بۇ قىز ئۇلارنى نەزىرىگىمۇ ئىلماپتۇ.

— بۇلارنىڭ ئارىسىدا ماڭا لايىق كەلگۈدەك بىرىمۇ يوق ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ بىچارىلەرنىڭ بىرىمۇ كۆڭلۈمگە ياقمىدى! بىرىنىڭ ئابرۇيى يوق، بىرىنىڭ مەرتىۋىسى يوق، ئابرۇيى بىلەن مەرتىۋىسى بارنىڭ پۇلى يوق، ئاۋۇ بىرىنىڭ بۇرنى پاناق ئىكەن، يەنە بىرىنىڭ قاشلىرى قاملاشمىغانىكەن.



## كرىلوف مەسەللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە تادرېسى

شۇنداق قىلىپ، بۇ قىز ئۇنى بولمايدىكەن، بۇنى بولماي-دىكەن دەپ، يىگىتلەرنىڭ بىرىنىمۇ ياراتماپتۇ.

كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ، ئاخىرى بۇ يىگىتلەرنىڭمۇ ئايىغى تارتىلىپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ، كېيىن يەنە بىر يىلمۇ ئۆتۈپتۇ.

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 2 - تۈركۈمدىكى لايىقلار كېلىشكە باشلاپتۇ، بۇلار ھەر جەھەتتىن ئالدىنقى تۈركۈمدىكىلەرگە يەتمەيدىكەن.

— ماۋۇ ئەخمەقلەرنىڭ تېخى ئۆزىنى ئوخشىتىپ كېلىشكىنىنى قارىمامدىغان! — دەپ ۋارقىراپتۇ بىزنىڭ بۇ كالتە پەم ساھىبجامال، — ئۇلار مېنىڭ خىلىممۇ؟ ئۇلار چوتنى خاتا سوقۇپتۇ، ئىككى يىل بۇرۇن رەت قىلىۋەتكەنلىرىم ئۇلاردىنمۇ ئېسىل ئىدى. نېمە، مەن بېرىپ - بېرىپ ئاشۇنداق چۈپرەندىلەرگە تېگىمەنمۇ؟ تۇۋا، خۇدايىم! ئۇلار تېخى مېنى ئەرگە تېگىشكە ئالدىراپ قاپتۇ دېيىشكۇدەك. مەنچۇ، مۇشۇ قىزلىق تۇرمۇشۇمنى ياخشى كۆرىمەن، ئازادە، خۇشال - خۇرام، كېچىسى تاتلىق ئۇيقۇ، كۈندۈزى ئويۇن - تاماشا، نېمىدېگەن ئوبدان. ئۇدۇل كەلگەنگىلا ياتلىق بولۇش نومۇس ئىشقۇ بۇ!

شۇنىڭ بىلەن، بۇ تۈركۈمدىكى يىگىتلەرنىڭمۇ ئايىغى بېسىقىپتۇ. ئۇنىڭ ھەممە ئادەمنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باشقا يىگىتلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا تەلەپ قويغۇسى كەلمەپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ ئىشىكىگە بىرمۇ كىشى كەلمەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ، كەينىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. تۇۋا ئۇنىڭغا تەلەپ قويغىلى كېلىدىغان كىشىلەر





قېنىدۇ؟ بىزنىڭ ئۇ قىزىمىز ئەمدى بىرئاز قېرىپ قاپتۇ. ئۇ ياشلىقىدا بىللە ئوينىغان قىزلارنى بارمىقىنى پۈكۈپ بىر - بىرلەپ ساناشقا باشلاپتۇ (ئۇنىڭغا بارمىقىنى ساناپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئاز دەمسىز): مانا، بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن توي قىلىپ بولغان، بەزىلىرى توي قىلىش ئالدىدا. ئۇ ئەمدى ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلاپتۇ.

گۈزەل قىزنى ئاستا - ئاستا سولغۇنلۇق باسقىلى تۇرۇپتۇ. مانا قاراڭ، ئەينەكمۇ يوشۇرماي راستىنى سۆزلەۋاتىدۇ: ۋاقىتنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۈندىن - كۈنگە، ئاز - ئازدىن، تۈيدۇرماي ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ: دەسلەپتە مەڭزىدىكى ئانار قىزىللىقى يوقالدى، ئاندىن كۆزلىرىدىكى شەھلالىق تۈگىدى، مانا ئەمدى زەپىران يۈزىدىكى چىرايلىق زىناقمۇ غايىب بولدى، خۇشخۇيلۇق، جۇشقۇنلۇقمۇ تۈگەشكە باشلىدى، چېچىغا بىرنەچچە تال ئاقمۇ سانجىلدى، بەختسىزلىك ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن قىستاپ كەلدى.

بۇرۇن ئۇ بەزمە سورۇنلىرىنىڭ گۈلى ئىدى، ئۇنىڭغا شەيدا بولغانلار يېنىدىن قىستىلىشىپ نېرى كېتەلمەيتتى. ئەمدىچۇ، ئۇنى تانىسىغا تارتىدىغان ئىش نەدە، «قارتا ئوينامسىز؟» دەپ قويسىمۇ چوڭ ئىش.

شۇنداق قىلىپ، بۇ تەكەببۇر قىز خېلى قوپال ئەرلەرگىمۇ سەل قارىمايدىغان بوپتۇ، ئاخىر ئەقلىنىڭ ياتلىق بولىدىغان چاغنى چىڭ تۇتۇپ ياتلىق بولۇۋېلىش كېرەك، دېگەن ھۆكمىگە ماقۇل كەپتۇ - دە، ھەممە كىبىر - ھاكاۋۇرلۇقنى بىراقلا تاشلاپتۇ.





# كرىلوف مەسەللىرى

قىزلار يىگىتلەرگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپچان نەزەر بىلەن تىكىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇلايىم يۈرىكى ھەمىشە بىرىگە ياخشىلىقنى تىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆمۈرۋايەت يالغۇز، تاكى ئۆلگۈچە تەنھا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئۇ بۇنى خالىمايدۇ، راستىنىلا خالىمايدۇ! ئۇ بەلكى قېرىپ كەتمەستىن بۇرۇن، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك جورا تېپىۋېلىشى كېرەككۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەمدى ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا يەنە بىر يىگىت تەلەپ قويۇپ كەپتۇ، ئۇنىڭغا ئانچە كۆچەپمۇ كەتمەپتۇ، قىز رازى بوپتۇ، راست، ئۇ رازى بوپتۇ، رازى بولۇپ، ساقايماس بىر مېيىپ يىگىتكە تېگىپتۇ.







# بارناس تېغى

قەدىمكى ئىلاھلار يۇناندىن قوغلىنىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرى پۇقرالارغا بۆلۈپ بېرىلگەن چاغ ئىكەن. بارناس تېغى بىر نەچچە دېھقانغا تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇلار ئېشەكلىرىنى بۇ مۇقەددەس تاغقا ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئېشەكلەر قانداقتۇر بۇرۇن بۇ يەردە سەنئەت مۇئەككەللىرىنىڭ ياشىغانلىقىنى بىلەتتىكەن، ئۇلار ئۆز خۇدىنى ئۇقماي:

— سەنئەت مۇئەككەللىرى ئورۇننى بوشاتتى، ئەمدى ئورنىغا بىز چىقىپ ناخشا ئېيتىمىز، — دەپ چۇقان سېلىشىپتۇ.

— قېنى، كېلىڭلار، — دەپتۇ بىر ئېشەك، — باشلىنىشى ھەيۋەتلىك بولسۇن، مەن دومباقنى چالاي، ھەر قايسىڭلار كارامىتىڭلارنى بىر كۆرسىتىڭلار! تارتىنماڭلار، بۇرادەرلەر، خىجىل بولۇش كۈلكىلىك. بىز ئېشەكلەرنىڭ شان - شەرىپىنى كۈيلەيلى. ھە، قېنى، ئۈنلۈكرەك، ھە، مانا، دورۇس، ئاۋازىمىز توققۇز ھەمشىرىنىڭكىدىنمۇ① ياڭراق چىقسۇن، بىز ئېشەكلەرنىڭ مۇقەددەس ناخشىسىنى ئاسمان - پەلەككە يەتكۈزەيلى. ئەگەر كىمىكى قالايمىقان كاركىراپ ئومۇمىي خورنى بۇزسا، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ ئۆزگەرمەس مىزانىمىزنى ئىشقا سالىمىز. مانا مېنىڭ ئاۋازىم ئېشەكلەرگە خاس مۇقەددەس ئۆلچەم بولىدۇ، كىمنىڭ ئاۋازى بىز ئېشەكلەرنى رازى قىلالمىسا، ئۇنىڭ بۇ يەردە ناخشا ئېيتىشىغا رۇخسەت

① توققۇز سەنئەت مۇئەككىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.





يوق.

هارامزادىلىك بىلەن سۆزلەنگەن بۇ غەلىتە نۇتۇق ئۇلار-نىڭ ئېشەككە خاس كۆڭلىگە ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئارامى بۇ-زۇلغان بۇ بىر توپ ئېشەكلەر شۇنداق چۇقان كۆتۈرۈشتىكى ئەتراپنى بىرەر يۈزمىڭ يارىيار ھارۋىنىڭ مايسىراپ كەتكەن چاقلىرى بىراقلا غىچىرلاۋاتقاندەك بىرخىل دەھشەتلىك ئاۋاز قاپلاپتۇ.

بۇ شاۋقۇنلۇق، شەرەپلىك ناخشىنى قانداق توختىتىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى قۇلاقنىڭ تىنچلىقىنى ئەۋزەل كۆرۈپ، باللىرىغا ئېشەكلەرنى تاغدىن ياندۇرۇپ چۈشۈپ ئې-غىلغا سولىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

مۇنداق دېسەم بۇرنۇمدىن تارتىپ، مېنى ھاقارەت قىلىدى-غان بىر ئېشەك چىقىپ قالماس، مەن بۇ مەسىلىنى كۆپ دېيىلىپ تۇرىدىغان بىر گەپ بىلەن ئاياغلاشتۇراي:

كالۋا ھامىنى كالۋا، ئاسمانغا چىقسىمۇ بولماس ئۇ دانا.





# بۇتنىڭ كارامىتى

كونا زاماندىن قالغان بىر ئىبادەتخانىدا بىر ياغاچ بۇت بار ئىكەن. ئۇ بۇت كىم قانداق ئىشنى سورىسا شۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەيدىكەن، كەلگۈسىدىنمۇ بېشارەت قىلالايدىكەن. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئەمەلدە جىق كۆرۈلۈپ كەتكەچكە، ئەتراپى كىشىلەر نەزىر قىلغان ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن تولۇپتۇ. شۇڭا، ياغاچ بۇت ھەشەمەتلىك بېزەكلەر ئىچىدە يالتىراپ تۇ- رىدىكەن، نەزىرلىكلەرنى ئىشلىتىپ بولالمايدىكەن، ئىبادەتلەر- نى قوبۇل قىلىپ ئۈلگۈرەلمەيدىكەن، كۆيدۈرۈلگەن كۈجىلەر- نىڭ كۆپلۈكىدىن ھەتتا نەپەسمۇ ئالالماي قالىدىكەن.

ئۇنىڭ داڭقى تازا چىقىۋاتقاندا تۇيۇقسىز تولىمۇ قاملاش- مىغان، غەلىتە بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ، يەنى بۇت كارامىتىدىن قاپتۇ، سورالغان گەپلەرگە كېلىشمىگەن، ئەھمىيەتسىز جاۋابلارنى بېرىپتۇ، مەيلى كىم قانداقلا مەسىلىنى سورىسا، ئۇنىڭدىن بىرەر كارامەتلىك گەپ چىقماپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كىشىلەر گاڭگىراپ قاپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسى بۇتنىڭ ئاس- تىدىكى ئىستىبداتلىق زاتنىڭ يوقالغانلىقىنى پەملىيەلمەي قاپتۇ.

بۇنىڭ سىرى مۇنداق ئىكەن: بۇ بۇتنىڭ ئىچى كاۋاك بو- لۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان كاھىن سورالغان سوئاللارغا بۇتنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىدىكەن. ئەسلىدىكى كاھىن دانا كىشى بولغاچقا ھەممە گەپكە خاتاسىز جاۋاب بېرىپتۇ، ئۇ- نىڭ ئورنىغا بىر نادان ئالماشقاندىن كېيىن، بۇتمۇ ياغاچقا





www.uyghurkitap.com

ئايلىنىپتۇ.

ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا (شەك ـ شۈبھىسىزكى، ناھايىتى ئۇزۇن، ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى)، بەزى ئەمەلدارلار مۇ شۇنداق ئىكەن: ئۇلار ئەقىللىق كاتىپلارغا ئېرىشكەندىلا دۇنيادا ئۆزىنىڭ دانالىقىنى نامايان قىلالىغان.





# قوڭغۇراقۋاش

دالىدىكى بىر تۈپ قوڭغۇراقۋاش ئۇھ تارتقىنىچە سولىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ غولى ئېگىلگەن، هارغىن بېشى ساڭگىلىغان.

— ئاھ، — دەپ پىچىرلاپتۇ مەيۇس هالدا ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتقان بۇ بىچارە گىياھ غەرب شامىلىغا قاراپ، — قۇياش چىقىپ، پۈتكۈل دالا يورۇپ كەتسە، شۇ قۇياشنىڭ شاراپىتىدىن مەن يېڭى هاياتقا ۋە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس ئىدى.

— بۇ تازىمۇ كالۋا نېمىكەن، — دەپ غوتۇلداپتۇ بىر قوڭغۇز ئۆزىگە تۆشۈك كولاۋېتىپ، — ئۇنىڭچىزە، قۇياش ئۇنى سولىشىۋاتامدۇ، ئېچىلىۋاتامدۇ، دەپ قاراپ ئولتۇرسا بولغۇدەك - دە. هەي، مېنىڭ گېپىمگە ئىشەن، قۇياشنىڭ ئۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشقۇدەك ۋاقتىمۇ يوق، خۇشىمۇ يوق. ئەگەر سەن ماڭا ئوخشاش جاهاننى ئۇچۇپ ئايلىنىپ چىقساڭ، مۇنداق بىر هەقىقەتنى بايقايسەن: قۇياشنىڭ جان كىرگۈزىدىغىنى ۋە ياساپ جابدۇيدىغىنى يايلاق، دالا ۋە ئېتىزلىقلار. قۇياش ئۆزىنىڭ مېهرلىك نۇرىنى بۈك - باراقسان ئۆسكەن

* ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، كرىلوف بۇ مەسەلنى پادىشاھ جەمەتىدىكى بىر خانىمغا بېغىشلاپ يازغان ۋە بۇ ئەسىرى ئارقىلىق پادىشاهنىڭ قۇياشقا ئوخشاش هەممىگە تەڭ شاپائەت قىلىپ، خەلقنى يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان. كرىلوف ئەسەرلىرىدىن چار پادىشاھقا ئۈمىد باغلىغان ئەھۋالنىڭ بايقىلىشى مۇشۇ بىر ئەسەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭ باشقا مەسەللىرىدە شىرغا ئوخشاش نەرسىلەرنى پاش قىلىش ئارقىلىق چار پادىشاھقا قاتتىق قامچا ئۇرۇلغان.





# كرىلوف مەسەللىرى

كاۋچۇك دەرەخلىرىگە، ئاسمان ـ پەلەك قەد كۆكۈرۈپ تۇرغان شەمشادلارغا بېغىشلايدۇ. قۇياش چىرايلىق، خۇش پۇراق گۈل-لەرگىمۇ ئېسىل لىباسلارنى كىيدۈرىدۇ. ئۇ گۈللەرنىڭ شېخى-دىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا ئۆزۈڭمۇ قايىلسەن. ئۇ گۈللەر شۇنداق قىممەتلىك ۋە چىرايلىق بولغاچقا، ۋاقىتمۇ ئۇلارنىڭ توزۇپ كېتىشىگە قىيمايدۇ. سەندە يا جىلۋە، يا خۇش پۇراق بولمىسا، ئۇنداق ئېچىنىشلىق يالۋۇرۇپ، قۇياشنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ بىلىپ قوي، ساڭا قۇياشنىڭ زەررىچە نۇرىمۇ تەگمەيدۇ. تولا يالۋۇرۇپ زورۇقما، خام خىيال-نى تاشلا ! جىممىدىلا ئۆلۈپ كەتكىنىڭ تۈزۈك !

لېكىن، ئەھۋال شۇنداق بولدىمۇ؟ ياق ! قۇياش كۆتۈرۈل-دى، تەبىئەت جۇشقۇن تۈسكە كىرىپ، پۈتكۈل گۈل ـ گىي-ياھلار دۇنياسىغا يېڭى ھايات نۇرى چېچىلدى. بىزنىڭ قوڭ-غۇراقۋاش، زۇلمەت ئىلكىدە سولىشىپ كەتكەن قوڭغۇراقۋاش قۇياشنىڭ مۇقەددەس كۆز نۇرلىرى ئىچىدە تىرىلدى.

ئاھ، بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن «ئۇلۇغ» قىلىپ يارالغان ئىنسان سەن بىزنىڭ قۇياشىمىزنى ئويلاپ باق ! قۇ-ياش ساڭا ئۈلگە بولسۇن. قۇياشنىڭ ساخاۋەتلىك نۇرى مەيلى نەگىلا چۈشسۇن، ئېگىز شەمشادنىمۇ، كىچىك گىياھنىمۇ تەڭلا شادلاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ يولىغا رازىمەنلىك ۋە بەخت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەم قۇياشنى كۆرسە يۈرى-كى ۋاللىدە يورۇپ (خۇددى خرۇستال شەرقتىن بالقىغان نۇر-نى ئۆزىدە جىلۋىلەتكەنگە ئوخشاش)، قۇياشنىڭ شاپائىتىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.





# دەرەخزارلىق بىلەن ئوت

دوست تاللاشتا چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇڭ! مەنپەئەتپەرەسلىك ھامان دوستلۇق نىقابى بىلەن نىقابلىنىۋېلىپ، سىزنى تۇزاققا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئەستە ئوبدان ساقلىشىڭىز ئۈچۈن، سىزگە كىچىككىنە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

* *

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، يولۇچىلار كېچىدە ياققان گۈلخاندىن ئۆچمەي ئېشىپ قالغان بىر تال قوقاس دەرەخ ئاستىدا ۋالىلداپتۇ، بىراق ئۇ تۇتاشقۇدەك بىر نەرسە تاپالماي ئۆچەي دەپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دەرەخزارلىققا مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، ئۇستۇڭدە بىر تالمۇ يوپۇرماق يوق، قەھرىتان قىشتا ياپيالىڭاچ قاپسەن. ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي: تەقدىر ئىلاھى ساڭا نېمانداق شەپقەتسىزلىك قىلغاندۇ؟

— مەن قارغا چوڭقۇر پېتىپ تۇرۇپتىمەن، — دەپتۇ دەرەخزارلىق، — شۇڭا چېچەكلىشىممۇ، يوپۇرماق چىقىرىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس.

— كېرەك يوق، — دەپتۇ قوقاس، — غەم قىلما، مانا مەن بىلەن دوست بول! مېنىڭ چوڭ ياردەم كۆرسىتەلەيد-





www.uyghurkitap.com

# كرىلوق مەسەللىرى

غانلىقىمنى بەلكىم ئويلاپ باقمىغان بولۇشۇڭ مۈشۈكمەن. مەن قۇياشنىڭ قېرىندىشى، قىش كۈنلىرى مېنىڭ كارامىتىمۇ تارىخى ئۇنىڭدىن زور. سەن بېرىپ پارنىكلارغا قاراپ باقسا، قىشتا، جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق كۈنلەردە ئۆسۈملۈكلەر ئۇ يەردە ئىسسىق، راھەت ئولتۇرۇپ، ھەرخىل چېچەكلەپ، ماڭا تەزىم قىلىپ كېتىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىنى ماختاش ياخشى ئىش ئەمەس، قۇرۇق لاپ ئۇرغانىنى ئۆزۈممۇ يامان كۆرىمەن. لېكىن، قۇياشنىڭ ئۆزىدىكى قۇدرەتكە كەلسەك، ئۇ چاغلىق، ئۇنى ئۇنچىۋالا ئۇلۇغ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ كۆرەڭ نۇرلىرى مەيلى قانچىلىك چاقناپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ يەرگە چاغلىقلا نۇر چۈشۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى ماڭا قارىغىنا، يېقىن كەلسەڭلا قارلىرىڭ دەرھال ئېرىپ كېتىدۇ. ئەگەر سەن مۇشۇ قىشتىمۇ باھار، يازدىكىدەك ياپيېشىل تۇراي دېسەڭ، كۆلەڭگەڭ ئاستىدىن ماڭا بىرئاز ئورۇن بەرگىن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تېزلا كېلىشىپتۇ. قوقاس تۇتىشىدىغان نەرسىگە ئېرىشىپ ئوتقا ئايلىنىپتۇ ۋە لاۋۇلداپ كۆيۈپ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ شاخ ـ شۇمبىلارنى يالماشقا باشلاپتۇ، ئىس ـ تۈتەكلەر ئاسماننى قارا بۇلۇتتەك قاپلاپتۇ. رەھىمسىز ئوت پۈتۈن دەرەخزارلىقنى ئالا قويماي كۆيدۈرۈپ تۈگىتىپتۇ. بۈرۈن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر سايىدايدىغان بۇ چىرايلىق بوك ـ باراقسانلىقتىن پەقەت كۆيۈپ چۈچۈلا بولۇپ كەتكەن ياغاچلارلا قاپتۇ.

ئوت بىلەن دوست بولغان دەرەخنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولماي قانداق بولاتتى.



# سەۋە قۇشى بىلەن كىرپە

بىر تارتىنچاق سەۋە قۇشى بار ئىكەن، ئۇ يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى سەھەردە، ئۇ ئۆزىچە ناخشا ئېيتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىراق، ئۇ ناخشا ئېيتىشتىن بۆلەك ھېچنېمىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىكەن.

دەل شۇ چاغدا، پارلاق قۇياش ھەممىۋا جانلىققا يېڭى ھايات بېغىشلاپ، دېڭىزدىن بالقىپ چىقىپ زېمىن ئېتىكىدە كۆرۈنۈپتۇ. ھەيۋەتلىك، چوغدەك قىزىل بۇ شارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئورمانلار ئارا بۇلبۇللار بەزمە باشلاپتۇ.

سەۋە قۇشى بولسا سايراشتىن توختاپتۇ.

— توۋا، — دەپتۇ كىرپە مەسخىرىلىك ئاھاڭدا، — سىنىڭ ناخشاڭنى ھېچ ئاڭلىغىلى بولمايدىغۇ!

— ئەپسۇس، مېنىڭ ئاۋازىم ناچار يارىلىپ قاپتىكەن، — دەپتۇ بىچارە سەۋە قۇشى، — قۇياشنىڭ نۇرىنى كۈيلەي دېسەممۇ بولمىدى، مەن بۇ ئاۋازىم بىلەن قۇياشنى كۈيلىيەلمىگۈدەكمەن.

* *

ئاشۇ كىچىك قۇشنىڭ ھەسرىتى مەندىمۇ بار: پىنداروسنىڭ[1] تالانتى بولمىغۇچە مەن ئالېكساندىرغا قەسىدە ئوقۇيالمايمەن.

① پىنداروس (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 518 — 438 - يىلى) يۇنانىنىڭ مەشھۇر شائىرى.





ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بۆرە بىلەن قوزا

كۈچلۈكلەر ئالدىدا ئاجىزلار هامان گۇناهكار بولىدۇ. تارىختا بۇنىڭ مىساللىرى ناهايىتى كۆپ. بىراق، بىز تارىخ يېزىۋاتقىنىمىز يوق، هالبۇكى مەسەلدە مۇشۇنداق ئېيتىلىپ-تىكەن دەۋاتىمىز.

* *

ناهايىتى ئىسسىق بىر كۈنى، بىر قوزا ئۆستەڭگە سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ، خەيرسىز كۈن ئىكەن، بېرىپلا ئۇ شۇ يەردە پىرقىراپ يۈرگەن ئاچ بۆرىگە ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ ئوبدان يەم ئۇچرىدى، دەپ ئويلاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئانچە ئالدىراپ كەتمەي، ئىشنى قائىدىگە توغرىلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ ۋارقىراپتۇ:

قارا، قاپ يۈرەكلىكىڭنى ! پاسكىنا تۇمشۇقۇڭنى تىقىپ سۈپسۈزۈك سۇنى (مېنىڭ سۇيۇمنى) لايلىتىۋېتىپسىنا؟ هىم، يەنە تېخى هىجىيىسىنا؟ هېلى بىكار قاپاق كاللاڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن جۇمۇ !

— بۆرە پادىشاه ئالىيلىرى، ئىجازەت قىلسىلا، مەن ئەهۋالنى ئېيتىپ باقاي، مەن ئالىيلىرى سۇ ئىچىدىغان بۇ ئېقىننىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرىمەن. مەن ئۆزلىرىنى ئاچچىقلاندۇرغۇدەك هېچبىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىم يوق، ئالىيلىرى ئىچىدىغان سۇنى بۇلغىغىنىم يوق، بۇ يەردە تۇرۇپ بۇلغىغىلىمۇ بولمايدۇ.



— بۇ گەپچە، مەن يالغان سۆزلەپتىمەن ـ دە ! ۋۇي ئەبلەخ ! راستىنى دەپ باقە، بۇرۇن مۇشۇنداق ئەدەپسىز گەپنى كىم قىلغان؟ ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ئىككى يىل بۇرۇن مەن مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا سەن بىر قېتىم دېگەن، بۇرادەر، مەن ئۇنى ئۇنتۇغىنىم يوق، ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن !

— لېكىن، سىلى خاتالاشتىلا، — دەپتۇ بەختسىز قوزا، — مەن تېخى بىر ياشقىمۇ كىرگىنىم يوق.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ چوقۇم سېنىڭ ئاكاڭ.

— مېنىڭ ئاكام يوق، ئالىيلىرى.

— ھە، ئۇنداق بولسا، ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ بولۇشى مۇمكىن، يا بولمىسا تۇغقىنىڭ، شۇنداق ئەمەسمۇ. ئىشقىلىپ ساڭا ئوخشاش قوي ـ قوزىلار، يەنە سىلەرنىڭ تايغىنىڭلار، پادىچىڭلار — ھەممىڭلار ماڭا قەست قىلىش كويىدا، ھەمىشە شۇ كويىدا يۈرىسىلەر، پۇرسەت بولسىلا مېنى ئۆلتۈرسەم دەيسىلەر. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ سەندىن ھېساب ئالمىسام بولمايدۇ !

— لېكىن، مەنچۇ، مەن سىلىگە نېمە گۇناھ قىلدىم؟

— قۇرۇق گەپنى قوي ! ھېلىمۇ بىر كۈن ۋالاقشىدىڭ. سەن بىلەن ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ ئولتۇرغۇدەك شۇنچە جىق ۋاقتى بار دەمسەن مېنى، ۋۇي ھايۋان؟ سېنىڭ گۇناھىڭ شۇكى، مەن سېنى يېمەكچى !

شۇنداق قىلىپ، بۆرە قوزىنى چىشلەپ ئورماننىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com









# مايمۇن

باشقىلارنى دوراش ئۈچۈن سەگەك بولۇش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ؛ لېكىن ھېچقانداق كاللا ئىشلەتمەي دوراش، ھەي، نېمىسىنى دەيسىز، جىق پالاكەتچىلىك تېرىيدۇ.

*　　　　　　*

مەن سۆزلىمەكچى بولغان بۇ ئىش ناھايىتى يىراق بىر جايدا بولغانىكەن. مايمۇننى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ھەرخىل نەرسىلەرنى دوراشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئافرىقىدا ناھايىتى نۇرغۇن مايمۇن بار ئىكەن. بىر كۈنى بىر توپ مايمۇن باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەردە كېتىۋاتقان بىر ئوۋچىنى كۆرۈپتۇ. ئوۋچى چاتقاللىقتا ھەدەپ يۇمىلىغۇدەك. مايمۇنلار بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ كۇسۇرلىشىپتۇ:

— ئاۋۇ ئادەمگە قارىغىنا! قارا، قارا، ئويۇنلىرى نېمىدېگەن جىق، تۈگىمەيلا كەتتىغۇ! بىر دەم قۇرغۇيدەك موللاق ئاتىدۇ، بىردەم يۇمىلايدۇ، بىردەم ئۆمىلەيدۇ، بىردەم تېپىلىدۇ، يەنە بىردەم تۈگۈلۈۋالىدۇ، ئەنە، پۇت - قولىنىمۇ كۆرگىلى بولمايۋاتىدۇ! بىز ھەر قانداق نېمىنى ئەپچىللا ئۆگىنىۋالىمىز، ئۇ بىز كۆرۈپ باقمىغان ئويۇنلارنى ئويناۋاتىدۇ، بىزمۇ دوراپ باقساق بولمامدۇ؟ كېلىڭلار، سۆيۈملۈك ھەمشىرىلەر، بىزمۇ دوراپ باقايلى، قارىغاندا خېلى قىزىقارلىقتەك قىلىدۇ. ئۇ دومىلاپ، ئېغىناپ خۇماردىن چىققاندىن





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىيىن كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بىزمۇ...

دېگەندەكلا ئۈۋچى كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ تور قۇرۇپ قويغانىكەن.

— ھوي بولۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ مايمۇنلار، — پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايلى ! قېنى كىم ئۇ ئويۇننىڭ ئېپىنى قىلالايدىكىن؟

بۇ «چىرايلىق ھەمشىرىلەر» دەرەختىن چۈشۈپتۇ. بۇ ئوماقلارنى خۇش قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئۈۋچى يەرگە تور سېلىپ قويغانىكەن. مايمۇنلار تورنىڭ ئىچىگە موللاق ئېتىپ كىرىپ سەكرەپتۇ، قىي - چۇۋ قىلىشىپتۇ، بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ بېسىشىپتۇ، ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپتۇ — پاھ، پاھ ! نېمىدېگەن قىزىق تاماشا !

مايمۇنلار ئۇ يەردىن ئەمدى چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، خۇشاللىقىمۇ بىراقلا تۈگەپتۇ. ئۈۋچى باياتىن بېرى پۇرسەت كۈتۈپ ياتقانىكەن، ئىشنىڭ ئەمدى ئوخشىغانلىقىنى كۆرۈپ خالتىسىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. ھەر بىر ئېزىز مېھمانغا بىردىن خالتا تەييار ئىكەن. مايمۇنلار بۇ چاغدا قاچماقچى بوپتۇ، تورنىڭ ئاغزى بوغۇلۇپ قالغانلىقتىن قاچالماپتۇ، ئۈۋچى مايمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى خالتىلارغا قاچىلاپتۇ، بىرمۇ مايمۇن توردىن قېچىپ چىقالماپتۇ.





# سېرىق چۇمچۇق

سېرىق چۇمچۇق دېڭىز بويىغا كېلىپ، مەن بۇ دېڭىزنى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتۇۋېتىمەن، دەپ پو ئېتىپتۇ.

بۇ غەلىتە گەپ چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن جاھان پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ غۇلغۇلا باشلىنىپتۇ. چۆچۈگەن دېڭىز ئەھلى دېڭىز ئىلاھىنىڭ قەسرىگە يىغىلىۋاپتۇ. دېڭىزنىڭ قانداق كۆيدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇچار قاناتلار سەپ تارتىپ ئۇچۇپ كەپتۇ، ئورمانلىقتىكى ھايۋانلارمۇ كەينى - كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ھەرقانداق زىياپەتتىن قالمايدىغان بىرى بار ئىكەن. ئۇ كۈمۈش قوشۇقنى كۆتۈرۈپ بىرىنچى تۈركۈمدىكى كىشىلەر بىلەن دېڭىز بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى لەززەتلىك بېلىق شورپىسى ئىچىش ئىكەن. ئەڭ پۇلدار بايلارمۇ بۇرادەرلىرىنى مۇنداق كاتتا زىياپەت بىلەن مېھمان قىلىپ باقمىغانىكەن.

كۆپچىلىك بىر يەرگە يىغىلىپ، نېمە كارامەت چىقاركىن دەپ ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە دېڭىزغا چەكچىيىپ قاراپتۇ، قاراپتۇ، قاراپتۇ، پاراڭمۇ قىلىشىپتۇ:

— قارا، قارا، تېز قارىغىنا، دېڭىز قايناۋاتىدۇ! تېز قارىغىنا، دېڭىز كۆيۈۋاتىدۇ!

— يالغان! نەدە دېڭىز كۆيۈۋاتىدۇ؟ ياق، كۆيگىنى يوق. دېڭىز سۈيى سەل ئىسسىپ قالغان گەپ! ياق، ھەتتا ئىسسىپمۇ كەتمەپتۇ!



# كرىلوف مەسەللىرى

ھېلىقى پونىك ئاقىۋىتى قانداق بوپتۇ دېمەمسىز؟ پونىڭ قەھرىمانىمىز يۈزى يەر بولغان ھالدا ئۈۋىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ؛ سېرىق چۈمچۈق چوڭ گەپ بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيگەن بولسىمۇ دېڭىزنى كۆيدۈرەلمەپتۇ.

* *

ئەگەر ئارتۇقچە گەپ دەپ قارالمىسا، مەن يەنە بىر گەپنى ئېيتىپ قوياي: بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەسلىككە كۆزى يېتىپ تۇرۇپ قۇرۇق پو ئېتىش ئەڭ بولمىغۇر ئىش.







www.uyghurkitap.com

# ئېشەك

خۇدا دۇنيادىكى ھەممە جانلىقنى ئاپىرىدە قىلغان چاغدا، باشقا ھايۋاناتلار قاتارىدا ئېشەكنىمۇ يارىتىپتىكەن، لېكىن ئەتەي شۇنداق قىلغانمۇ ياكى ئىشى ئالدىراش، دىققەت قىلماي قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، ئېشەكنى ئاق ئاغمىخانچىلىك چوڭلۇقتا يارىتىپ قويۇپتىكەن. ئېشەك ئۇنچىلىك جۇغى بىلەن خەقنىڭ دىققىتىنى تارتالايتتىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ ھاكاۋۇرى - دە، ئېشەك كۆپچىلىكنىڭ كۆزىگە چۈشۈشكە بەك تەشنا ئىكەن، لېكىن تۇغۇلۇشتىلا كىچىك يارىلىپ قالغاچقا، ھەتتا ھەرىكەت قىلىشقىمۇ نومۇس قىلىدىكەن. شۇڭا بىزنىڭ بۇ تەكەببۇر ئېشىكىمىز دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ خۇدادىن ئۆزىنى يوغان، ھەيۋەتلىك قىلىپ قويۇشنى سوراپتۇ.

— ھەي، مېنىڭمۇ بىر غېمىمنى قىلىپ قويساڭچۇ، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ تۇرقۇمغا قانداقمۇ چىدىيالايمەن، قاپلان، شىر، پىللارنى شۇنداق بەھەيۋەت يارىتىپسەن، ئۇلارنى چوڭ - كىچىك ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. لېكىن، پېقىر ئېشەككە كەلگەندە نېمانداق رەھىمسىزلىك قىلغانسەن؟ شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىدا يا ئۇنىڭ ئىسمى بولمىسا، ھېچكىممۇ ئۇنى ئېغىزغا ئېلىپ قويمىسا. ناۋادا مېنى موزايچىلىك قىلىپ قويساڭ، ئۇ چاغدا مەن شىرنى گىدىيەلمەيدىغان قىلىپ قوياتتىم، قاپلانمۇ پو ئاتالمايتتى، مەنمۇ پۈتۈن جاھان ئەھلىنىڭ ئاغزىغا چىققان بولاتتىم.

ئېشەك ئەتىسىمۇ يەنە ئاشۇ گەپنى تەكرارلاپتۇ، ئاخىر





www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خۇدامۇ زېرىكىپ «بوپتىلا، ئۇنىڭ تىلىگىنىنى قىلىپ بېرەي، كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشسۇن» دېگەن يەرگە كەپتۇ.

ئېشەك ھايۋانلار ئىچىدىكى بەھەيۋەت مەخلۇققا ئايلىنىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭغا غەلىتە ئاۋاز ئاتا قىلىنغاچقا، بىزنىڭ بۇ ئۇزۇن قولاق پالۋىنىمىز تولا ھاڭراپ كىشىلەرنىڭ قويقا چېچىنى تىك تۇرغۇزۇۋېتىپتۇ.

— ئۇ قانداق ھايۋاندۇ؟ نېمىنىڭ پۇشتىدۇ؟ ئاشۇ ھاڭراشلىرىدىن قارىغاندا، شەك - شۈبھىسىز ئىچى تار نېمە بولسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ئېشەك مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەرگە قاپتۇ. ئاخىرىدىچۇ؟ ئاخىرىدا بىر يىلغا بارمايلا ھەممە ئادەمگە ئۇنىڭ بار يېرى مەلۇم بوپتۇ. ئۇ ئەخمەقلىقى بىلەن داڭق چىقىرىپ، ھەممە ئادەمنىڭ يۈك ئارتىدىغان ئۇلىغىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

* *

تەننىڭ زور بولۇشى مەرتىۋىنىڭ زور بولۇشى بىلەن ئوخشاش، بۇنىڭ ياخشىلىقى ئېنىق؛ بىراق روھ پەسكەش بولسا، ئۇنىڭ ھەرقانچە زورلۇقىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.





# مايمۇن خېنىم ۋە ئۇنىڭ كۆزەينىكى

مايمۇن خېنىم يېشى چوڭايغانسېرى كۆز قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇنىڭ ئادەملەردىن ئۇققان دوستى: «بۇ قىيىنچىلىقىڭنى دەرھال ھەل قىلغىلى بولىدۇ، كۆزەينەك راسلىتىۋالساڭ بولغىنى» دەپتىكەن، ئۇ شەھەرگە بېرىپ بىرنەچچە كۆزەينەك سېتىۋاپتۇ.

مايمۇن خېنىم كۆزەينەكنى ھەرخىل تاقاپ بېقىپتۇ، بىردەم بېشىغا تاقايدىكەن، بىردەم قۇيرۇقىغا ئېسىپ باقىدىكەن، بىردەم يالايدىكەن، بىردەم پۇرايدىكەن، لېكىن ھېچقايسىسىدا ئۈنۈمى بولمايدىكەن. ئۇ كۆزەينەكنى قانداق ئىشلىتىپ باقسىمۇ ئۈنۈمىنى كۆرەلمەپتۇ.

— ۋۇ ئۆلگۈرلەر، — دەپتۇ ئۇ غودۇڭشىپ، — مېنى ئالدىشىپتۇ - دە! قېنى، ئادەملەر بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئالجىشىپ باقىدىكىن. كۆزەينەك تاقاش دېگەن پۈتۈنلەي رەڭۋازلىق ئىكەنغۇ، بۇ نېمىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىكەن.

مايمۇن خېنىم قاتتىق تېرىكىپ، كۆزەينەكنى غەزەپ بىلەن تامغا ئۇرۇپ چۇل - قىلىۋېتىپتۇ.

سىز بىر كۈنى ئادەملەرنىڭمۇ مايمۇنغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايسىز: نادان كىشى قولىغا ئەڭگۈشتەر چۈشۈپ قالسىمۇ، قىممىتىنى بىلمىگەچكە ئۇنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر پۇللۇق ۋە مەرتىۋىلىك نادان بولۇپ قالسا، ئۇنداق ئەڭگۈشتەرنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىشىمۇ بار تېخى.





ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitab.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككى پاختەك

بۇرۇن ئىككى پاختەك ئۆتكەنىكەن، ئۇلار شۇنچىلىك يېقىن ئىكەنكى، بىرنىمە ئىچسىمۇ، يېسىمۇ بىللە ئىكەن، بىرى قەيەرگە بارسا، يەنە بىرى چوقۇم شۇ يەردە بولىدىكەن. ئۇلار ھەرقانداق قايغۇ ـ ئەلەمنىمۇ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈشكە رازى ئىكەن. ئۇلار ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى زادى بىلمەيدىكەن، چۈنكى ئۇلار ھەسرەت چېكىپ قالغان ۋاقىتلىرى بولسىمۇ، زېرىكىپ قالغان ۋاقىتنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ باقمىغانىكەن. ئەگەر ئىككى جۈپتىگارنىڭ بىرى بولماي قالسا، يۈرەكنىڭ پارىسى بولمىدى دېگەن گەپ، بۇنداق تۇرمۇشتا قانداقمۇ شادلىق بولسۇن؟

بىر كۈنى، بىر پاختەك كەڭ دۇنيانىڭ مىسلىسىز مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ، نېمىنىڭ ھەقىقەت، نېمىنىڭ ساختا، نېمىنىڭ ئەمەلىيەت، نېمىنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن يىراقلارغا بېرىپ باقماقچى بوپتۇ.

— سەن قانداقلارچە كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ ھەمراھى ھەسرەتلىك يىغلاپ تۇرۇپ، — توۋا، سەن بۇ يەرنى تاشلاپ يىراقلاردا مۇساپىر بولۇپ نېمە قىلارسەن؟ قاراپ تۇرۇپ يۈرىكىڭنىڭ پارىسىنى تاشلاپ كېتەمسەن؟ شۇنچە يىغلىساممۇ پەرۋايىڭغا ئالمايسەنغۇ، بىلدىم، سەن بەك ۋىجدانسىز

---

* ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدا بېكىنمىچىلىك ئىچىدە تۇرغان روسىيىدە نۇرغۇن زىيالىيلار مەقسەتسىز ۋە نىشانسىز ھالدا چەت ئەللەرگە چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ مەسەل ئاشۇ ئەھۋاللارغا قارىتىپ يېزىلغانىكەن.





ئىكەنسەن، سەن يىرتقۇچ قۇشلارنى، دەھشەتلىك بوران - چاپ-
قۇنلارنى ۋە قىلتاقلارنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر. يوللار بەك خە-
تەرلىك ! ھېچبولمىغاندا ئەتىيازدا بارغىن. ئۇ چاغدا نېمە ئا-
لىمەن دېسەڭ مەن رازى. شۇ تاپتا قولىمىزدا تۈزۈك ئاشلىق-
مۇ يوق، ئارانلا كۈن ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. ئەنە، ئەنە ! قاغى-
نىڭ قاقىلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقانسەن. بۇ بىر شۇملۇقنىڭ
بېشارىتى. بولدى، قوي، ئۆيدە قالغىن، سۆيۈملۈكۈم، سەن
بىلەن ئۆيدە بىللە ئۆتسەم نېمىدېگەن ئوبدان ! مۇنچىلىك
ئالدىراپ يولغا چىققۇدەك نېمە زۆرۈرىيەت بارلىقىنى ھېچ بى-
لەلمىدىم. سەن كېتىپ قالساڭ، مەن ئېغىر دىشۋارچىلىق
ئىچىدە قالىمەن. قىلتاق، يىرتقۇچ قۇش، چېقىن - چاقماق ...
ۋاي خۇدايىم، بۇ قورقۇنچلۇق نېمىلەر كېچىچە چۈشۈمگە كى-
رىپ مېنى بەك قىينىۋېتىدۇ، ساڭا نېمە خېيىمخەتەر يەتكە-
دۇ دەپ ئەنسىرەپ تۈگىشىپلا كېتىمەن. ئاسماندا كىچىككىنە
بۇلۇت پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن سېنى ھازىر قەيەردە دەپ
سورىغۇم كېلىدۇ. سېنى شۇ تاپتا بىرنېمە يېگەنمىدۇ، يام-
غۇردىن پاناھلانغۇدەك بىر جاينى تاپقانمىدۇ، يا ئۆلۈپ كەت-
كەنمىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپ كېتىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دوستى ناھايىتى تېرىكىپتۇ،
كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىن كېتىش
خىيالى ئۇنىڭغا زادى ئارام بەرمەپتۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۈمىدى،
پۈتكۈل خىيالى پەقەت كېتىشتىلا ئىكەن.

— يىغلىما، ئۇمىقىم، — دەپ ئۇ ھەمراھىنى تىنچلا-
دۇرماقچى بوپتۇ، — مەن ئۈچ كۈنلا ئايلىنىپ كېلىمەن، پە-
قەت ئۈچ كۈنلا. ھەرگىز ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولمايدۇ. ئۇچىد-
مەن، ھەممىنى تېزلا كۆرىمەن. دۇنيانى ئۆز كۆزۈم بىلەن





## كرىلوف مەسەللىرى

كۆرۈپ دەرھاللا سەن ئەزىزىمنىڭ باغرىغا قايتىپ كېلىمەن. ئويلاپ باقە، ئۇ چاغدا بىز سۆزلىشىدىغانغا نۇرغۇن گەپلەر چىقىدۇ. مەن ماڭغان بىر سائەت ۋاقتىنىمۇ، كۆرگەن بىرەر جايىمنىمۇ قويماي، ھەممىنى ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن، ئادەملەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك مەن كۆرگەن غەلىتە، ئاجايىپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇنداق جانلىق سۈرەتلەپ بېرىمەنكى، سەنمۇ خۇددى مەن بىلەن بىللە جاھاننى ئايلانغاندەك بولۇپ قالىسەن.

ئىش شۇنداق بوپتۇ! ئۇ ئىككىسى غەمكىن ھالدا سۆيۈشۈپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ بۇ قۇشىمىز ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ. تۇيۇقسىز بوران - چاپقۇنغا ئۇچراپتۇ، پەستە دېڭىزدەك سوزۇلغان ياپيېشىل يايلاق بار ئىكەن. ئۇ باش - كۆزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان بوران، يامغۇردىن قېچىپ نەگە پاناھلانسۇن؟ ھېلىمۇ ياخشى، يېقىن بىر جايدا قۇرۇپ قالغان بىر تۈپ دۇب دەرىخى كۆرۈنۈپتۇ. بىزنىڭ پاختەكجان ھەر نېمە بولسا باش تىقىقۇدەك بىر يەر چىقتى دەپ، ئۆزىنى دەرھال، دەرەخنىڭ تېگىگە ئاپتۇ. بىراق، قاقشال دەرەخ بوران - چاپقۇننى قانچىلىك توسۇيالايدۇ دەيسىز. چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك ياغقان يامغۇردا ئۇ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، توڭلاپ، جاقىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئاخىر بوران - چاپقۇنمۇ توختاپتۇ. قۇياشمۇ زورىغا چىرايىنى ئېچىپتۇ. بىزنىڭ بىچارە، جاھىل قۇشىمىز يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئۇچۇش كويىغا چۈشۈپتۇ.

ئۇ قاناتلىرىنى سىلكىپ يولغا چىقىپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، بىر ئويمانلىققا كەلگەندە توقايلىقنىڭ قېشىدىكى بىر پارچە بۇغداي ئېتىزىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۆزىنى ئۇدۇللا شۇ



يەرگە ئېتىپتۇ ۋە بىراقلا تورغا چۈشۈپتۇ. ماۋۇ پالاكەتچىلىكنى كۆرۈڭ، پېشكەلچىلىك كەلسە قوشلاپ كېلىدىغان گەپ ئىكەن! ئۇ ئۇياققا تاشلىنىپتۇ، بۇياققا تاشلىنىپتۇ، تېنى ئۈگە - ئۈگىسىدىن ئاجراپ كەتكۈدەك بوپتۇ، ھېلىمۇ بەختىگە تورنىڭ يىرتىقى بار ئىكەن، شۇ يەردىن ئۆمىلەپ چىقىۋاپتۇ. بىراق، بىر پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، پەيلىرىمۇ خېلى يۇلۇنۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ قانچىلىك ئىش، جېنى ئامان قالغاندىكىن بولدى - دە. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭدىنمۇ يامان بىر ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ: بىر قۇرغۇي ئاسماندىنمۇ، ئىشقىلىپ خۇدا بىلىدىغان بىر يەردىن ئوقتەك ئۇچۇپ كەپتۇ. ھەي بىچارە قۇش، سەن كۆرمىگەن ئىش تېخى تولا!

پاختەك پۇتۇن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئەسەبىيلەرچە قېچىپتۇ، ھەي، ئاخىر ئۇنىڭ روھى چۈشۈپتۇ، ماغدۇرىمۇ قالماپتۇ. غايەت زور قانات ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە پالاقلاپ، ئۆتكۈر تىرناق ئۇنىڭغا سوزۇلۇپ، يۈرىكىنى ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا بىر ۋەھشىي قوماي ئۇچۇپ كېلىپ قۇرغۇيغا دەھشەتلىك ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ ئىككىسى تۇتۇشۇپ، يىرتقۇچ قۇش يىرتقۇچ قۇشنى يەم قىپتۇ.

شۇ چاغدا بىزنىڭ پاختىكىمىز قۇرغۇينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ يەرگە قوغۇشۇندەك چۈشۈپتۇ - دە، بىرنېمىگە قاردىغۇدەك ئەھۋالىمۇ يوق، يەردە دۇملا يېتىپتۇ. بالا - قازا كەلسە قوشلاپ كېلىدىكەن، مۇشۇ يەردىمۇ قىسمەت يەنە ئۇنىڭغا قەھرىنى چېچىپتۇ. كىچىك بالا دېگەن ئىچ ئاغرىتىشنى بىلسۇنمۇ، بىر بالا خىش پارچىسى بىلەن پاختەكنىڭ بېشىغا ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ باش - كۆزى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ.

ئۇنىڭ بىر قانىتى سۇنۇپتۇ، پۇتىمۇ ناكا بوپتۇ، بېشىمۇ





يېرىلىپتۇ. ئەمدى بىزنىڭ بۇ ساياھەتچىمىز كەڭرى دۇنيانىڭ ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان سېھرىي كۈچىنى قارىدى، بېشىغا يەنە بىر بالا ـ قازا كەلگۈچە سۆرىلىپ، ئاسقاقلاپ بولسىمۇ ئۆيىگە بېرىۋالسۇن. قارىغاندا ئۇنىڭغا يەنە بەخت بار. چۈنكى ئۇ يەردە دوستلۇق ئۇنى كۈتۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان روھى ئۇچۇن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ دوستلۇق شاراپىتىدىن دوختۇرلارچە ياردەمگە، پەرۋىشكە ئېرىشىدۇ. دوستلۇقلا بولىدىكەن، تارتقان بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇيدۇ.

ئەي، نۇرغۇن سەپەرلەرنى قىلىپ، بۇ كەڭرى دۇنيانى ئايلىنىپ باققۇسى كەلگەن كىشىلەر، سىلەر ئالدى بىلەن مېنىڭ بۇ مەسەلىمنى ئوقۇپ چىقىڭلار ! يىراق جايلاردىن بەختىڭلارنى ئىزدەشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار، ھەر قانداق شادلىقنى يىراق جايلاردىن ئىزدەش بىھۇدە ئاۋارىچىلىك. ئەڭ ياخشى ماكان ئۆزۈڭنىڭ سۆيگۈنۈڭ ۋە سادىق دوستلۇرۇڭ بار يەر.







# ئالتۇن رۇبلى

تەربىيىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئەلۋەتتە، چوڭ ئەھمىيىتى بار. بۇنىڭدا شەك - شۈبھە يوق. لېكىن، بىز كۆپىنچە مودا بولغان، ھەتتا ئۆزگىرىپ چىرىك، چاكىنا مودىغا ئايلانغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆزىمىزگە تەربىيىۋى ئۆلچەم قىلىۋالىمىز. شۇڭا، سىز بېزەكسىز روھىي دۇنيانىڭ سىرتىدىكى قوپال سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئېلىۋېتىدىغان چاغدا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىشىڭىز، ئۇنىڭدىكى ئېسىل ماھىيەتنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىكىڭىز، ئۇنىڭدىكى ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىڭىز، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى بۇزۇۋەتمەسلىكىڭىز لازىم. سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن ئۇ سەمىمىي، ساپلىقىنى يوقىتىپ، تېشى پال - پال قىياپەت بىلەنلا قالمىسۇن؛ ئۇنىڭ خىسلىتى يۇكسەلمەك تۇگۇل، ئەكسىچە مېغىزى يوقىلىپ شاكىلى قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

بۇ ھەقىقەتلىك پەند - نەسىھەتنى شەرھلەش ئۈچۈن، ھەتتا بىر تومۇلۇق ئىبرەتنامە ياكى ھېكمەتنامە يېزىپ چىقسامۇ بولاتتى. بىراق، جىددىي تۇس ئالغان ۋائىزلەرگە ھەممىلا ئادەم خۇشتار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن تۆۋەندە سەل

* ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، «ئالتۇن رۇبلى»، «خۇداسىز قوۋم»، «ئات ۋە چەۋەنداز»، «يازغۇچى بىلەن قاراقچى» قاتارلىقلار كرىلوفنىڭ فرانسىيە ئىنقىلابى ۋە فرانسىيە پەلسەپىسىنىڭ «چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ئېقىمى»غا قارشى يېزىلغان ئەسەرلىرى ئىكەن. بۇنى بىر تەرەپتىن، تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى دەپ قارىساقمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، كرىلوفنىڭ پىكىر قىلىش جەھەتتىكى مۇتەئەسسىپلىكى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەي تۇرالمايمىز.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كۆلكىلىكرەك بىر مەسەل بىلەن بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ قوياي.

* *

سادىدا بىر دېھقان (بۇنداق دېھقانلار ئىنتايىن جىق) ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ بىر دانە ئالتۇن رۇبلى تېپىۋاپتۇ. ئۇ ھەرخىل داغلار بېسىپ پاسكىنىلىشىپ كەتكەن رۇبلى ئىكەن، شۇنداقتىمۇ بىر كىشى ئۇنى كۆرۈپ، بۇنى ئەگەر دېھقان رازى بولسا بەش سىنتىلىق تەڭگىدىن ئۈچ ئوچۇمغا تېگىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— توختا، — دەپتۇ دېھقان كۆڭلىدە، — مەن بۇنى تېخىمۇ جىقراق پۇلغا يارايدىغان قىلاي. يەنە بىر ئاز ئەقىل ئىشلەتسەم، خەقلەر بۇنى چوقۇم تالىشىپ جىققىنا پۇلغا سېتىۋالىدۇ!

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئازراق قوغۇشۇن ئېقى، قۇۋزاق ھەم قۇم ئەكىلىپ تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ ـ دە، ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئالتۇن رۇبلىنى ئاۋۋال تاشقا سۈركەپتۇ، قۇۋزاق بىلەن ئېرىتىپتۇ، ئاندىن قۇم ۋە قوغۇشۇن ئېقى بىلەن سۈرتۈپتۇ. بۇ ئىشلارنى قىلغاندىمۇ ناھايىتى تېز ۋە كۈچەپ ئىشلەپتۇ.

ئۇنىڭ پىلانى ئالتۇن رۇبلىنى قىپقىزىل چوغدەك پارقىرىتىۋېتىش ئىكەن، دېگەندەك ئۇ ئاشۇنداق سۈركەپ يۈرۈپ تەڭگىنى ۋال - ۋۇل قىلىۋېتىپتۇ، بىراق بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېغىرلىقىلا كېمىيىپ قالماستىن، بەلكى قىممىتىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ.



# ئۈچ خوتۇنلۇق كىشى

بىر ئالىجوقا ئادەم ئۆيىدە بىر ئوبدان خوتۇنى تۇرۇپ، يەنە ئۇستىلەپ ئىككى خوتۇن ئاپتۇ.

بۇ ئىش ئۇزۇن ئۆتمەيلا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ مۇنداقلارنى مەيلىگە قويۇۋەتمەيدىغان قاتتىق قول كىشى ئىكەن. ئۇ ھېلىقى ئۈچ خوتۇن ئالغان كىشىنى تۇتۇپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە سودىيەلەرگە مۇۋاپىق بىر جازا ئويلىشىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ پىكرى بويىچە، پۇتۇن پۇقرا ئۇنىڭغا بۇيرۇلغان جازانى ئۇققاندا ھەرگىز ئۇنى دورىمايلى دېگەن يەرگە كېلىشى كېرەك ئىكەن!

— ئەگەر چىقارغان ھۆكمىڭلار مۇۋاپىق بولمايدىغان بولسا، — دەپتۇ پادىشاھ سودىيەلەرگە، — ھەممىڭلارنى دارغا ئاسىمەن!

بۇ ئوينىشىدىغان ئىشمۇ! سوتچىلار قورقىنىدىن قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئولتۇرۇپ ھەرخىل ئاماللارنى ئويلىشىپتۇ.

— ھەي، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟ — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — جازا دېگەننۇ جىق، لېكىن قايسى بىر جازا شۇنچىلىك ئۇنۇم بېرىپ كەتكەن، قايسىبىر جازا بۇزۇقچىلىق يولىغا ماڭماقچى بولۇۋاتقان ئەبلەخلەرنى نىيىتىدىن ياندۇرالىغان؟

ناھايەت، خۇدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئەقىل ساپتۇ. جىنايەتچى سوت مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. سوتچىلار ئەتراپلىق ئويلىـ





نىشتىن كېيىن، ھەممىسى بىردەك ئۈچ خوتۇننىڭ ھەممىسى مەزكۇرنىڭ ئەمرىدە بولسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

خالايىق بۇ ھۆكۈمگە ھەيران قاپتۇ ۋە «پادىشاھ چوقۇم سوتچىلارنى دارغا ئاسىدىغان بولدى» دېيىشىپتۇ. بىراق، بىر ھەپتىگە بارمايلا ھېلىقى ئۈچ خوتۇن ئالغان كىشى ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. خەقلەر بۇ ئىشتىن ناھايىتى چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىممۇ ئۈچ خوتۇن ئالمايدىغان بوپتىمىش.





# خۇداسىز قوۋم

بۇرۇن ئىنسان نومۇس قىلغۇدەك بىر قوۋم ئۆتكەنىكەن.
ئۇلار ئىنساپتىن چىقىپ، قاپ يۈرەكلىك بىلەن رەزىل قىل-
مىشلىرىنى سوزۇپ، تەڭرىلەر بىلەن ئۇرۇشماقچى بوپتۇ. ئۇلار
بەلگىلەنگەن جايغا يىغىلىپ، ئوقيا، پالاقمانلىرىنى كۆتۈرۈپ،
چۇقان - سۈرەن سېلىشقان هالدا جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. بۇ تو-
پىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ناهايىتى پالۋان ئىكەن. ئۇ ئاتارمەن -
چاپارمەنلىرىگە يەل بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا تەڭرى دەرگاهىد-
كىلەر ئۇنداق شەپقەتسىز، مۇنداق ئادالەتسىز، شۇ تاپتا تەڭ-
رىلەر غەپلەت ئۇيقۇدا، ئۇخلىمىغانلىرىمۇ گالۋاڭ، هۇرۇن نې-
مىلەر، پالانى تاغقا چىقىپ ئولۇمپۇس تېغىدىكى تەڭرىلەرگە
ئوق ياغدۇرىدىغان بولساق، ئۇلارنى هوشىنى تېپىپ بولغۇچە
جايلاپ بولىمىز دېگەندەك چوڭ گەپلەرنى قىپتۇ. غالجىرلاشقان
بۇ ئادەملەرنىڭ هاقارەت ۋە پوپوزىلىرى تەڭرىلەرگە تەسىر
قىپتۇ. ئۇلار پادىشاهنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ جىددىي مەسىل-
نى بىر ياقلىق قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، تەڭرىلەر كېڭىشى چاقىرىلىپ، هەممەيلەن
دېگۈدەك مۇنداق بىر پىكىرگە كەپتۇ: بۇ تەلۋىلەرگە ساۋاق
بېرىپ قويۇش ئۈچۈن، ئازراق بولسىمۇ كارامىتىمىزنى كۆر-
سىتىپ قويمىساق خاتا بولىدۇ. چوڭ كەلكۈن ياكى دەهشەت-
لىك مۆلدۈر ۋە ياكى بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش بىلەن بۇ
ئىشنى تىنچىتىش كېرەك، ئەقەللىي بىر قارا بوران بىلەنمۇ
ئۇلارنىڭ هەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىشىمىز مۇم-





كىن.

— توختاڭلار، — دەپتۇ يۇپىتېر①.

— ئەگەر ئۇلار ياخشىلىقچە نىيىتىدىن يانمىسا، ئەسكىرلىكنى ئاخىرغىچە قىلىپ، تەڭرىلەر دەرگاھىغا پاراكەندىچىلىك سالسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشى چوقۇم ئۆزلىرىگە ساۋاق بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ۋەھشىي ئادەملەر چۇقان - سۈرەن ئىچىدە ئوق ۋە تاشلارنى ئېتىپ ئاسمان پەردىسىنى يىرتىپتۇ. بىراق، بۇ ئوق ۋە تاشلار نەچچە ئون مىڭ ھەسسە ئەجەللىك كۈچ بىلەن ئاسماندىن يېنىپ چۈشۈپ، ئوقياچى ۋە پالاقمانچىلارنىڭ بېشىغا تېگىپتۇ. تەڭرىگە ئىشەنمىگەنلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىر دەھشەتلىك ۋەھىمىگە ئايلىنىپتۇ.

ئەي ئادەملەر، سىلەر بۇ ئىشقا قاراپ ساۋاق ئېلىڭلار! تەڭرىگە شەك كەلتۈرگەن ھۆكۈمانىڭ تارقاتقان يالغان - ياۋىداقلىرى بەزىلەرنى تەڭرى دەرگاھىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىشقا قۇترىتالىغىنى بىلەن، ئۇلارنى ئۆز بېشىنى يەيدىغان ئاقىۋەتتىن ساقلاپ قالالمايدۇ، خۇددى ئەجەل ئوقلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، ئاشۇ خۇداسىزلارنىڭ كاللىسىغا چۈشكىنىدگە ئوخشاش.

① يۇپىتېر — يۇنان ئەپسانىسىدىكى ئاسمان تەڭرىسى زېۋس، ئۇ تەڭرىلەرنىڭ پادىشاھى، باشقا تەڭرىلەر ئولۇمپۇس تېغىدا ياشايمىش.



# بۈركۈت بىلەن توخۇ

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، بىر بۈركۈت مەغرۇر هالدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تاكى نۇر چېچىلىپ تۇرغان ئېگىز-لىككىچە ئۇچۇپ پەرۋاز قىپتۇ، ئاندىن بۇلۇتلار قاتلىمىدىن بىراقلا شۇڭغۇپ پاكارغىنا بىر توخۇ كاتىكىنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ. بۇ «قۇشلار پادىشاھى» قاناتلىرىنى ئارام ئالدۇرماق-چىكەن. بەلكىم سىز ئۇنىڭغا ئارام ئالغۇدەك ئېسىل جاي چىقماپتىمۇ دەپ سوئال قويۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، پادىشاھلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس «كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر ئىشتىياقى» بولىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ بۇ مىسكىن توخۇ كاتىكىگە بىر شان - شەرەپ بېغىشلىغۇسى كەلگەندۇ، يا بولمىسا شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئۆز سالاھىيىتىگە لايىق بىرەر جاي (شاخلىرى نەيزىدەك چىقىپ تۇرغان دۇب دەرىخى ياكى گرانىت تاشلىق قىيا) چىقماي قالغاندۇ، ئىشقى-لىپ، نېمىلا بولسا بولسۇن، بۇ قۇشلار پادىشاھى شۇ توخۇ كاتىكىنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ. ئۇ ئۇياندىن بۇيانغا مېڭىپتۇ، بۇ كاتەكتىن ئۇ كاتەككە ئۆتۈپتۇ، لېكىن قاناتلىرىنى ئاچماپ-تۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاددىي بىر توخۇ ھەمراھلىرىغا پو-چىلىق قىلىپ دەپتۇ:

— بۈركۈتنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىك ھېچنېمىسى يوق-كەنغۇ؟ ئۇنىڭ ئۇچقىنىنى كۆرمەمدىغان، تۇۋا! بارار يېرى شۇنچىلىك ئىكەنغۇ!

ئۇنچىلىك ئۇچۇش، ھە دېسىلا ئۆزىنى كاتەكنىڭ دالدى-





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





سىغا ئېلىش مېنىڭمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن
سەل ئەقلىمىزنى تاپايلى، بۈركۈتنى ئۇنداق يۇقىرى مەرتىۋد-
لىك چاغلاپ كەتمەيلى. ئۇنىڭ پۇتىمۇ قىسقا، كۆزلىرىمۇ كى-
چىك ئىكەن، باشقا ئۇچار قاناتلاردىن ھېچقانچە پەرقى يوق
ئىكەن، شۇ تاپتا بىزمۇ ئېنىق كۆردۇق، ئۇ ئۇچسىمۇ بىزدەك
پەس ئۇچىدىكەن.

ئۇنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىدىن زېرىككەن بۈركۈت ئۇنىڭغا
مۇنداق دەپتۇ:

— توغرا دېيسەن، بىراق بۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار:
دەرۋەقە، بۈركۈت بەزىدە توخۇ كاتىكىدىنمۇ پاكار ئۇچالايدۇ،
لېكىن توخۇچۇ، ئۇ ئۆمۈرۋايەت ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقالمايدۇ.

* *

سەن ئۆزۈڭدىن ئۈستۈن كىشىگە باھا بەرگەن چېغىڭدا،
ھە دېسىلا يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشقا ئۇرۇنماسلىقىڭ كې-
رەك، بەلكى ئۇنىڭ بۈيۈك، قەيسەر ۋە دانا تەرەپلىرىنى كۆ-
رۈشۈڭ، ئەگەر مۇمكىن بولسا يەنە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىڭ،
ئۇنىڭ ھەرخىل يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يېتىشىۋېلىشىڭ
كېرەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچقى ئادرېسى

# پاقىلارنىڭ پادىشاھ تەلەپ قىلىشى

پاقىلارنىڭ نەزەرىدە دېموكراتىيە بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىكەن؛ ناۋادا پادىشاھ بولمىسا، ھۆكۈمرانلىق ۋە ئىدارە قىلىش بولمىسا، تۇرمۇش مەنىسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئاسمان تەڭرىسىدىن بىر پادىشاھ ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. گەرچە تەڭرىلەر ئەزەلدىن يوقىلاڭ گەپلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئاسمان تەڭرىسى بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇلارغا بىر پادىشاھ ئەۋەتىپتۇ.

پاقىلارنىڭ پادىشاھى بىر كۆنى تۇيۇقسىز ئاسماندىن پالاققىدە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ لايقا - لەشلىك زېمىنىنى شالاقشىتىۋېتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن پاقىلار تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ قېچىپتۇ، قاچقاندىمۇ جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ. بەزىلىرى ئۆزلىرىنى ئۇ يانغا، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى بۇ يانغا ئاپتۇ، يەنە بەزىلىرى كامارغا كىرىشىۋاپتۇ. ئۇلار سۇر باسقان ھالدا ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ بۇ پادىشاھنىڭ گېپىنى قىلىشىپتۇ.

بۇ پادىشاھ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئالدىراقسانلىق قىلمايدىغان، ئېھتىياتچان، سالاپەتلىك، تەمكىن ئىكەن. ئۆزىمۇ بەستلىك، ئېگىز بولۇپ، ھەممىلا جەھەتتە سالاھىيىتىگە باب ئىكەن. لېكىن، بىرلا كەمچىلىكى پۈتۈن تېنى ياغاچ ئىكەن.

دەسلەپتە پاقا پۇقرالار ئۇنى ناھايىتى ئۇلۇغ سەلتەنەت



ئىگىسى كۆرۈپ يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، ئۇنى كۆرگەندە جالاقلاپ تىترەپ، ھەتتا تىكىلىپمۇ قارىيالماپتۇ.

لېكىن، دۇنيادا ئۆزلىشىپ قالمايدىغان ھېچنېمە بولمايدىكەن. كېيىنچىرەك بۇ پاقىلارمۇ سەل ئەندىشە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپتۇ، ئاندىن پادىشاھىغا بولغان ساداقىتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ كېلىشىپتۇ. بۇ ھەيۋەتلىك پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرنەچچە پاقا يەنىلا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ. لېكىن، جۈرئەتلىكلىرى ھەرخىل ـ ھەر قىسما تولغىنىپ كېلىشىپ پادىشاھقا يېقىن بېرىۋاپتۇ. بىرنەچچە بەڭۋاش پاقا بولسا قىلچە تەپ تارتماي پادىشاھقا قۇيرۇقىنىمۇ تەڭلەپتۇ. قورسىقى كەڭ پادىشاھ بۇ ئىشنى كۆڭلىگە ئېلىپ قويماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممىسىنىڭ يۈرىكى يوغىناپ، خالىسا پادىشاھنىڭ يەلكىسىگىمۇ چىقىۋالىدىغان بوپتۇ.

ئۈچ كۈنگە بارمايلا پاقىلار بۇ پادىشاھتىن زېرىكىپتۇ ۋە تەڭرىدىن نامىغا تۇشلۇق بىر پادىشاھنى ئۆزلىرىنىڭ سازلىق دۆلىتىنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. تەڭرى ئۇلارنىڭ سەمىمىي ئىلتىماسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇلارغا تۇرنىنى پادىشاھلىققا ئەۋەتىپتۇ.

بۇ يېڭى پادىشاھ بۇرۇنقىسىدەك قىمىر ـ سىمىر قىلمايدىغان ئەخمەق ئەمەس ئىكەن. ئۇ پاقىلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپتىمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ خاراكتېرى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. ئۇ كىم گۇناھكار بولسا شۇنى يەۋېتىدىكەن، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ شەپقەتسىز ھۆكمى ئاستىدا گۇناھلىق بولمىغان بىرمۇ پاقا قالماپتۇ. قىسقىسى، ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇكى، ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىمۇ، چۈشلۈك،





# كىرلىق مەسىلىسى

كەچلىك تاماقلىرىدىمۇ پاقىلارغا ھۆكۈم ئېلان قىلىپ يۈرىدى- كەن. بۇ سازلىق ئەلدە كۈن ئالماق بارغانسېرى تەسلىشىپتۇ، پاقىلارنىڭ نوپۇسىمۇ كۈنسېرى ئازلاپتۇ. بۇ پادىشاھ ئەتىگەن- دىن - كەچكىچە پاقىلار شەھرىدە گىدىيىپ يۈرۈپ ئۇچرى- غانلا پاقىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ يەۋېتىدىكەن.

پاقىلار قاتتىق پىغان ۋە ئەلەم - نادامەت بىلەن دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، تەڭرىدىن ئۆزلىرىگە باشقا بىر پادىشاھ ئەۋە- تىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— بىزنىڭ ھازىرقى پادىشاھىمىز، — دەپ ھال ئېيتىپ- تۇ ئۇلار، — بىزنى چۈشىنى قىرغاندەك قىرىۋەتتى. ئۇ ئۇ- زۇن تۇمشۇقىنى سوزۇپ ئانچىكىم بىر چاقىرىپ قويسا، ھەم- مىمىز جېنىمىزغا كەلدى، دەپ قورقۇپ، ئاھ - ۋاھ ئۇرۇپ بېشىمىزغا مۇشتلاپ كېتىمىز. قىسقىسى، بۇ مۇستەبىت مەل- ئۇن ھەرقانداق بالايىئاپەتتىن يامان ئىكەن!

— نېمىشقا سىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئارامخۇدا تۇرمۇش ئۆت- كۈزۈشنى خالىمىغان؟ — دەپ ئاسماندىن بىر سادا كەپتۇ، — ۋۇ بايقۇش ھاماقەتلەر، مېنى بىردەممۇ ئارامىمدا قويۇشمىدىڭ- غۇ؟ ۋاي، پادىشاھ ئەۋەتىپ بەرسىلە، دەپ قۇلىقىمنى پۈتتۈرۈ- ۋەتكەن ئۆزلىرىڭ ئەمەسمىدىڭ؟ بىر پادىشاھ ئەۋەتسەم، ۋاي، ئۇنداق ياۋاشكەن، مۇنداق جىمىغۇركەن دېيىشىپ كۆلچەكلىد- رىڭنى بېشىڭغا كىيىشتىڭ. ئەمدى ئىككىنچى پادىشاھنى ئەۋەتسەم، ئۇنى ئۇنداق رەھىمسىز، مۇنداق يامان ئىكەن دې- يىشىۋاتىسەن. ئەمدى بولدى قىلىش! ئۇنىڭ بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئۆتۈۋېرىش. بولمىسا، تېخى كۆرىدىغىنىڭلار ئالدىڭلاردا!



# شىر بىلەن قاپلان

قايسىبىر زامانلاردا شىر بىلەن قاپلان چاتقاللىق، ئۆڭكۈر، ئورمان دېگەندەك نەرسىلەرنى تالىشىپ دائىم ئۇرۇشىدىكەن. ئۇلار كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئويلاشنىمۇ خالىمايدىكەن. بۇنداق مەسىلىدە كۆپىنچە كۈچلۈكلەرنىڭ كۆزى قارىغۇ بولىدۇ. ئۇلار كىم يەڭسە، شۇنىڭ توغرا، بۇنىڭدا چاتاق يوق دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىش كۆزقارىشى ئەنە شۇنداق. لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن ھەر كۈنىلا ئۇرۇشۇپ يۈرۈشۈرگىلى بولمايدۇ ـ دە، ئۇنداق بولمىسا، ئۇلار پۇت ـ قوللىرىنىمۇ كاردىن چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىنغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، ئۇ باتۇرلار ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ، جېدەل ـ تالاشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بارلىق دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپتۇ، ئاددىن كونا قائىدە بويىچە مەڭگۈلۈك تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈپتۇ، بۇ ئۇلار يەنە بىر قېتىم جېدەل باشلىغۇچە شۇنداق بوپتۇ.

— ئەمىسە بىز سۈلھى تۈزەيلى، بىردىن پۈتۈكچىمىز ئوتتۇرىغا چىقسۇن... — دەپ قاپلان دۈشمىنىگە تەكلىپ بېرىپتۇ. ئىككىلا تەرەپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ـ دە !

— مەن مۈشۈكنى پۈتۈكچىلىككە تاللىدىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنىڭدا قىلچە كىبىر يوق، ناھايىتى يوللۇق سۆزلەيدۇ. سەن مۇمكىن بولسا ئېشەكنى پۈتۈكچىلىككە تاللا. ئۇ





# كرىلوف مەسەللىرى

يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مەن ساڭا شۇنى ھۆددە قىلالايمەنكى، ھايۋانلار ئىچىدە ئېشەكتىنمۇ ئالىيجانابراقى يوق. مەن سېنىڭ دوستۇڭ، سەن بۇ گېپىڭگە ئىشەنسەڭ بولىدۇ. ئۆزۈڭنىڭمۇ كۆزۈڭ يېتىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ-نىڭ قىممىتىنى ئېيتساق، سېنىڭ كېگەش ۋە سوت مەھكە-مەڭ ئۇنىڭ بىر تۇيىقىچىلىكىمۇ يوق. ئېشەك بىلەن مېنىڭ ئاق كۆڭۈل مۇشۇكۇم كېڭىشىپ، پۇتۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئىككىمىز ئۇنى تەستىقلىۋەتسەكلا بولىدۇ.

شىرغا قاپلاننىڭ پىلانى ياراپتۇ، بىراق ئۇ كېلىشىم تۈ-زۈشكە پۇتۇكچى سۈپىتىدە ئېشەكنى ئەمەس، بەلكى مولۇننى ئەۋەتىپتۇ. چۈنكى، شىر دۇنيادا جىق ئىش كۆرگەنىكەن. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ:

— دۈشمىنىڭ ھاۋالە قىلغان دوستىنىڭ ساڭا ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدۇ!



# سىياسىئون بىلەن مۇتەپەككۇر

بىر كۈنى سىياسىئون بىلەن مۇتەپەككۇر جاھاننىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ قاپتۇ.

— سىز ماڭا تەلىم بەرسىڭىز، — دەپتۇ سىياسىئون، — سىزنى مەن بىلىمەن، سىز ناھايىتى دانا كىشى. سىز ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ قەلبى خۇددى ئېچىپ قويۇلغان كىتابقىلا ئوخشاش. سوت مەھكىمىسى دېدۇق، ئىنستىتۇت دېدۇق، شۇنىڭدەك باشقا جايلارنىمۇ دېدۇق، قەيەرگىلا بارساق، ئۇ يەرلەرنىڭ گالۋاڭلارنىڭ ئۆۋىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى ئانچە زورۇقمايلا كۆرۈۋالالايمىز. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇنداق چىرىك ھادىسىلەرنى تۈگىتىشكە زادى ئامال يوقمىدۇ؟

— ھەي... — دەپتۇ مۇتەپەككۇر، — مېنىڭچە بۇنىڭغا ئامال يوق. ياغاچ ئۆينىڭ بېشىغا كەلگەن تەقدىر بىلەن جەمئىيەتنىڭ بېشىغا كەلگەن تەقدىر ئوخشاش.

— سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز...

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: سىز ئۈچۈن مەن ئۆزۈممۇ بىر تىرىك مىسال، مەن ئۇ ياغاچ ئۆينىڭ زىياپىتىگە ئالدىمىزدىكى جۈمە كۈنى كىرىمەن، ھالبۇكى مەن كىرگۈچە ياغاچقا چۈشكەن قۇرت ئىشنى باشلىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ۋابا ئالدىدا

خۇدانىڭ قورقۇنچلۇق جازاسى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاپەتلىك كېسەللى بولغان ۋابا پۈتۈن ئورمانغا ۋەھىمە سېلىپ يامراپتۇ. ھايۋانلار بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپتۇ. بۇ چاغدا دوزاخنىڭ دەرۋازىسى چوڭ ئېچىلغان، ئەزرائىل دالا، جىلغا ۋە تاغدا قۇتراپ يۈرگەنىكەن. ئەزرائىلنىڭ بىچارە قۇربانلىقلىرى سايىنىڭ تىشىدەك يېتىپ كېتىپتۇ، شەپقەتسىز ئەجەل ئۇلارنى چالغا چۈشكەن چۆپتەك قىرىۋېتىپتۇ. بەزىلىرىنىڭ تېخى جېنى چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇلار سەكراتتا قاتتىق قىينىلىپ كەتكەچكە، بالدۇرراق ئۆلۈشنى خالايدىكەن.

بۇ بالايىئاپەت ئالدىدا ھەممە ھايۋانلارنىڭ روھى چۈشۈپ، بۇرۇنقىسىغا ئوخشىماسلا بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنى ھەتتا قورقۇپ تۇگۈلۈپلا قالدى دېيىشكىمۇ بولىدىكەن. بۆرە خۇددى راھىبتەك مۆلايىم بولۇپ قالغاچقا، قويمۇ غەمسىز، ئازادە يۈرۈپتۇ. تۈلكە كۆڭلى تاماق خالىماي، سورلۇك ئۆڭكۈرگە بېكىنىۋېلىپ روزا تۇتۇۋالغاچقا، توخۇمۇ بەھۇزۇر، ئەركىن يۈرۈپتۇ. كەپتەرمۇ دەمدىرىدىن ئايرىم ياشاپتۇ، ئۇنىڭدىمۇ مۇھەببەتنى ئويلىغۇدەك ئەھۋال يوق ئىكەن. مۇھەببەت بولمىغانىكەن، كۆڭۈل خۇشلۇقى بولۇش مۇمكىنمۇ؟

دەل شۇنداق جىددىي پەيتتە، شىر پادىشاھ يىغىن چاقىرىپتۇ. ھايۋانلار قورقۇپ رەڭگى ئۆچكەن ھالدا يىغىن مەيدانىغا بويۇنلىرىدىن بىرى سۆرىگەندەك، ئاران كەپتۇ ۋە ھايۋانلار پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا



بىرەر ئىغىز خۇشامەت گېپىمۇ قىلىپ قويماي، ئۇنىڭ گېپىد-
نى قولىقىنى دىڭ قىلىپ، كىرپىك قاقماي ئاڭلىشىپتۇ.

— دوستلىرىم، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ ھايۋانلار پادى-
شاھى، — كەچۈرگۈسىز گۇناھلار خۇدانىڭ بىزگە بولغان
دەھشەتلىك غەزىپىنى قوزغىدى. شۇڭا، ئارىمىزدا كىمنىڭ
گۇناھى ئەڭ ئېغىر بولسا، شۇ ئۆزلۈكىدىن چىقىپ خۇدا ئۈ-
چۈن ئۆزىنى نەزىر قىلىۋېتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا
خۇدا رازى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىز سەمىمىي ئېتىقادى-
مىز بىلەن خۇدانى پەيلىدىن ياندۇرالايمىز، دوستلىرىم، ھەمە-
مىڭلارغا مەلۇم، ئۆزىنى پىدا قىلغۇچى نەزىر بولغاندىن كې-
يىنلا، بىز خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولالايمىز. بۇنداق
مىساللار تارىختا ئىنتايىن كۆپ.

شۇڭا، كۆپچىلىك بۆكىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ ئوبدان
ئويلىنىپ، ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىمىزنىڭ گۇناھىنى
دەپ باقساق؛ كاللىمىزدىكى، سۆزىمىزدىكى، ھەرىكىتىمىزدىكى
ۋە باشقا جەھەتلەردىكى گۇناھ بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. قەدىرلىك
دوستلار، قېنى ئۆزىمىزنى ئاشكارىلايلى، توۋا قىلايلى!

مانا، مەن بوينۇمغا ئالاي، گەرچە بۇ گەپنى دېيىش ناھا-
يىتى ئېغىر بولسىمۇ مەندىمۇ جىق گۇناھ ئۆتكەن. بىچارە
قوزىلارنى ئېيتاي، ئۇلار ماڭا قىلچىمۇ زىيان يەتكۈزۈپ باق-
قىنى يوق، لېكىن مەن ئۆكتەملىك قىلىپ ئۇلارنىڭ قارنىنى
يېرىۋەتكەن. بەزىدە قايسىمىزدىن گۇناھ ئۆتمەيدۇ دېيىسىلەر،
پادىچىمۇ ماڭا يەم بولغان يەرلىرى بار. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى
نەزىر قىلىۋېتىشنى ناھايىتى خالايمەن. لېكىن، ئەڭ ياخشى-
سى، ئالدى بىلەن كۆپچىلىك بىر - بىرلەپ گۇناھلىرىنى
ئېيتىپ باقسۇن، ئاندىن كىمنىڭ گۇناھى ئېغىر بولسا، شۇنى



قۇربانلىق قىلايلى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنداق قىلساق خۇدا بىزدىن تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ.

ــ ئېھ، شاھىم، بىزنىڭ ئالىيجاناب شاھىمىز، ــ دەپتۇ تۈلكە، ــ سىزلا تېگى ـ تېگىڭىزدىن ئالىيجاناب بولغاچقا بۇ يەردە گۇناھىڭىزنى بويۇنىڭىزغا ئېلىۋاتىسىز، سىز مۇشۇنچىلىك ئىشنى گۇناھ دەپ ئېغىزغا ئېلىۋاتىسىز، بىزنىڭ ۋىجدانىمىز ئازابلانماي قالامدۇ. ۋەھالەنكى، ۋىجدان بىلەن ئىش قىلىمىز دېيدىغان بولساق، ھەممىمىزلا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەك بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، سۆيۈملۈك شاھىم، سىز پەقەت قوزىنىلا يېيىشكە خۇشتار بولسىڭىز، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا قوزا ئۈچۈن چەكسىز شان ـ شەرەپ، ئەمدى پادىچىلارغا كەلسەك، بىز ھەممىمىز سىلىدىن يالۋۇرۇپ ئۆتۈنەيلى، ئۇلارنىڭ بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويسىلا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك بىر نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسۇن ! ئادەمزات دېگەن بۇ قۇيرۇقسىز نىمىلەر خۇددى بۇ دۇنياغا بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەندەك، بەكمۇ كۆرەڭلىشىپ كېتىۋاتىدۇ !

مەككار تۈلكىنىڭ سۆزى تۈگىشىگە تېخىمۇ نۇرغۇن تەخسكەشلەر تۈلكىنىڭ گېپىنى زىرىكمەي تەكرارلىشىپ، شىرنىڭ ھاياتى پاك، گۇناھىنى يۇيۇش كەتمەيدۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىپتۇ. كەينىدىنلا يولۋاس، ئېيىق، بۆرىلەرمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك نۇقسانلىرىنى بويىنىغا ئالغان بوپتۇ. بىراق، ئەسكىلىك، شۇملۇقلىرىنى ھېچقايسىسى تىلغا ئالماپتۇ، بۇنىڭغا ھېچقايسىسىمۇ ئېتىبار بەرمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار سوت ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يەنە تېخى ئۇلار ھەممە ئىشتا



مەردانىلەردىن بولۇپلا قالماي، ناھايىتى ئەخلاقلىق سىپايىلەر-دىنمۇ بولۇپ چىقىپتۇ.

ئەمدى نۆۋەت ئۆكۈزگە كەپتۇ.

— بىزمۇ گۇناھلىرىمىزغا تۇۋا قىلىمىز، — دەپتۇ ئۇ، — بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇنقى بىر قىشتا يەم - خەشەكىمىز تۈگەپ كەتتى، بىر كۈنى قاتتىق ئاچ قېلىپ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، پوپنىڭ سامانلىقىدىن ئازراق سامان ئوغرىلاپ قويدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا يىرتقۇچ ھايۋانلار غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتىپتۇ. ئېيىق، يولۋاس ۋە بۆرە تېخىمۇ ۋارقىراپ جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ.

— مانا، ئەسكىنىڭ ئەسكىسى مۇشۇكەن! — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — خەقنىڭ سامىنىنىمۇ ئوغرىلىغان بارمۇ. خۇدانىڭ بىزنى جازالىغانلىقىمۇ بىكار ئەمەسكەن، چۈنكى ئۇ چىركاۋ-نىڭ ۋەخپىسىنى ئوغرىلاپتۇ. بىز خۇداغا سېغىنمايدىغان بۇ مۈڭگۈزلۈك ئەبلەخنى شۇ گۇناھى ئۈچۈن خۇدا يولىدا نەزىر قىلىۋېتەيلى، شۇنداق قىلساق جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرالايمىز، روھىمىزدىكى گۇناھى - كىبىرنى تازىلىيالايمىز، ئۇنىڭ مۇ-شۇ گۇناھى تۈپەيلى ھايۋانلىرىمىزنىڭ نەق يېرىمى ۋابادىن قىرىلىپ كەتتى ئەمەسمۇ!

— توغرا، مۇشۇنداق قىلساق تازا ئادالەتلىك بولىدىكەن، — دەپتۇ باشقىلارمۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆكۈز ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىلىپ قۇربانلىق قىلىنىپتۇ.

بىز ئادەملەرمۇ ئاشۇنداق: كىمكى ئەڭ ياۋاش، سەممىي بولىدىكەن، شۇ ئوڭايلا تۆھمەتكە ۋە پالاكەتچىلىككە ئۇچرايدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىتنىڭ دوستلۇقى

سىرىق ئىت بىلەن قارا ئىت ئاشخانىنىڭ سىرتىدىكى تامنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ يېتىپتۇ. ئەسلىي ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا قورۇقچىلىق قىلىپ تۇرسا ئوبدان بولماسمىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قورسىقى توق، يەنە كېلىپ ئەدەپلىك ئىت كۈندۈزدىكى يولۇچىغا قاۋىمايدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇلار يېتىپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن گەپ. ئۇلار كىشىلىك دۇنيادىكى ھەرخىل مەسىلىلەر توغرۇلۇق سۆزلىشىپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ۋە ياخشى - يامان ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېلىپ، ئاخىرىدا دوستلۇق مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپتۇ.

— ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە سادىق، ئىشەنچلىك دوستۇڭ بىلەن بىللە ئۆتسەڭ، — دەپتۇ قارا ئىت، — ئېغىر كۈنلەر باشقا كەلگەندە ھەمدەمدە بولساڭ، ئۇخلىغاندىمۇ، تاماقلانغاندىمۇ بىرگە بولساڭ، بىر - بىرىڭنى باتۇر - نوچىلاردەك قوغداپ يۈرسەڭ، ئۆزئارا ئۇرۇق - تۇغقاندەك مېھىر بېرىپ ئۆتسەڭ، گېزى كەلگەندە دوستۇڭنى خۇش قىلىپ، ئۇنىڭ كۈنلىرىنى شادىمان قىلساڭ، دوستۇڭنىڭ بەختىدىن ئۆز خۇشاللىقىڭنى تاپساڭ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل بەخت بولامدۇ؟ ئالايلۇق، ئەگەر سەن بىلەن مەن ئاشۇنداق يېقىن دوست بولىدىغان بولساق، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ئېسىل ئۆتىدۇ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالىمىز.

— توغرا دېدىڭ، ئەزىزىم، مۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى



بولىدۇ، — دەپتۇ سېرىق ئىت قىزغىنلىق بىلەن، — قەدىرلىكىم قارا ئىت، ئىككىلىمىزلا ئىت، كېچە - كۈندۈز بىللە ئۆتىمىز، لېكىن بىر كۈنمۇ سوقۇشمايدىغان كۈنىمىز يوق. ئۆتكەندە مۇشۇلارنى ئويلاپ بىرنەچچە قېتىم يۈرىكىم ئېچىشتى ! ئۇنداق قىلىپ بىزگە نېمە جاپا؟ خوجايىنىمىزمۇ ئوبدان، يەيدىغان نەرسىلىرىمىزمۇ جىق، ياتىدىغان يېرىمىزمۇ كەڭتاشا. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ سوقۇشۇپ يۈرۈشىمىز پۈتۈنلەي ئورۇنسىزغۇ ! ئىنسانلار بىزنى دوستلۇقنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارايدۇ، لېكىن ئېيتقىنا، ئىت بىلەن ئىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق نېمە ئۈچۈن سەن بايا ئېيتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇققا ئوخشىمايدۇ. بىز چوقۇم ئىنسانلارغا بىزنىڭ ئۆز ئىچىمىزدىكى دوستلۇققا ھېچنېمە توسقۇن بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىمىز كېرەك !

— كەل، قول تۇتۇشايلى، — دەپتۇ قارا ئىت.

— بولىدۇ، قوشۇلىمەن.

شۇنداق قىلىپ، يېڭىدىن تېپىشقان بۇ ئىككى دوست دەرھال قۇچاقلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يالىشىپتۇ. ئۇلار شۇنداق مەمنۇن بولۇشۇپتىكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كىمگە تەمسىل قىلساق بولار، ئورېستىس بىلەن پېلىيادېسنىڭ ئۆزى① ! ئەمدى سوقۇشۇش، كۆرەلمەسلىك، زەھەرخەندىلىكلەرنىڭ ھەممىسى گۆرگە كىرىپ كېتىدىغان بولدى.

دەل شۇ چاغدا، تۇۋا ! دېرىزىدىن بىر تال ئۇستىخان تالاغا تاشلىنىپتىكەن، شۇئان بۇ ئىككى يېڭى دوست ئۇستىخانغا ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. دوستلۇق، ئىناقلىق دېگەنمۇ بىر

---

① بۇ ئىككىسى يۇنان ئەپسانىلىرىدە ھېكايە قىلىنغان ئەڭ يېقىن دوستلارمىش.





www.uyghurkitap.com

# كرىلوف مەسەللىرى

دەمدىلا يوقۇا چىقىپ، بۇ ئورىستىس بىلەن پىلىيادىس ئۆزئارا چىشلىشىپ، تالىشىپ، بىر - بىرىنى يۇڭدىشىپ كېتىپتۇ.

تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى جانىۋارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن نەرسە نېمە؟

* *

مۇنداق دوستلۇق ئادەملەر ئارىسىدىمۇ جىق. ئەمەلىيەتتە دوستلار ئارىسىدا مۇنداق ئەمەسلەرنى تاپماق تەس. بىز يۇقىرىدا ئىككىسىنى سۈرەتلەپ ئۆتتۇق، قالغىنىنى شۇنىڭغا قاراپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئۇلارنى بىر نىيەت، بىر ئىرادىلىك ئىكەن دەپ قالىسىز، ئەگەر ئۇلارغا بىر تال ئۇستىخان تاشلاپ بەرسىڭىزچۇ، ئۇلار بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ئىتقىلا ئايلىنىدۇ.





# پايدا بۆلۈشۈش

بىرنەچچەيلەن شېرىكلىشىپ بىر دۇكان ئېچىپتۇ، هالال سودا بىلەن ئازراق پايدا ـ مەنپەئەتمۇ كۆرۈپتۇ، كېيىن هېسابات بوغۇلغاندا هەممىسى كۆڭلىدە ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىنى كۆزلىشىپتۇ. پايدىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى هېچكىمنى رازى قىلالمىغانلىقتىن، ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ دۇكاننى بېشىغا كىيىشىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قوشنا ـ قولۇملاردىن بىرى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ۋاي، ئۆيگە ئوت كەتتى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ۋاي، بولۇڭلار، تېز بولۇڭلار، ئۆينى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى، ماللارنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى ! — دەپ توۋلاپتۇ هەمشېرىكلەردىن بىرى، — دەرهال ئۆيدىن چىقىپ كېتەيلى، هېساب ـ كىتاب قىلىش هازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن.

— تۇرۇپ تۇرسا تۇرۇپ تۇرسۇن، لېكىن مەن ئۆزۈمگە تېگىشلىك 100 رۇبلىنى ئالىمەن، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ بىرى، — ئەگەر پۇلنى ئالمايدىغان بولسام، هەرگىز بۇ يەردىن چىقمايمەن !

---

* «پايدا بۆلۈشۈش» 1812 ـ يىلدىكى ئۇرۇش باشلانغان چاغدا يېزىلغان. ئەينى چاغدا قوماندانلىق شتابىدىكى گېرمانىيىلىك بەزى گېنېراللار ناپولېئونغا قارشى قانداق ئۇرۇش قىلىش، بولۇپمۇ جەڭگە كىمنىڭ قوماندانلىق قىلىش مەسىلىسىدە قاتتىق جېدەل ـ تالاش قىلىشىپ كەتكەنىكەن. كرىلوف ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئوتى پۈتكۈل شەھەرنى قاپلىغان جىددىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بەرمەي، ئۆزلىرى بىلەنلا هېسابلىشىپ كەتكەن قىلىقلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. بۇ مەسەل ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە تەنقىد قىلىشتا كۈچلۈك قورالغا ئايلانغان.





— 200 رۇبلى ماڭا تەئەللۇق، بۇ ھېساب دەپتەردە ناھا-يىتى ئېنىق، — دەپتۇ يەنە بىرى ۋارقىراپ، — باشقىلار قانداق قىلساڭلارمۇ بۇ پايدىنى ئالالمايسىلەر !

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ بىرى.

— ئالىمەنغۇ، قانداق؟ — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

ئىشقىلىپ، ئۇلار ئوت ئاپىتىنى ئويۇننىڭ ئورنىدا كۆرۈپتۇ. بۇ گالۋاڭلار خېلى ئۇزۇنغىچە تاكاللىشىپتۇ، ئاخىر ئىس - تۈتەك ئۇلارنىڭ كېكىردىكىدىنلا ئاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسىمۇ، جېدەل - تالاشلىرىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ پۈتۈنلەي كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

* *

مەن بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشلارنى كۆرگەن. ئەسلىدە بىرلىشىپ ئورتاق تاقابىل تۇرىدىغان كرىزىسلاردا خېلى - خېلى ئادەملەر ئۆزلىرىنى، پەقەت ئۆزلىرىنىلا كۆزلەپ، مەنلا بولسام دەيدىغان خۇسۇسىي مەنپەئەت تۈپەيلىدىن جېدەل - ماجىرا قىلىشىپ بىراقلا تۈگەپ كەتكەنىدى.



# تۆك

بىرەيلەن ئاغىنىسىدىن تۆگىنى بىر ـ ئىككى كۈن ئىش-
لىتىپ تۇرۇشقا سوراپتۇ. قولۇم ـ قوشنىدارچىلىقتا ئۆتنە ـ
يېرىم قىلىشتىن باش تارتىشقا بولمايدىغۇ. ئەگەر پۇل سورى-
سا ئۇنىڭ يولى باشقا، بۇنداق تەلەپ ئەلۋەتتە رەت قىلىنىدۇ،
دوستلارمۇ بۇنى ئېغىزغا ئالماسلىق كېرەك. لېكىن، سورىغى-
نى بىر تۆك ئىكەن، ئۇنىڭ تارتىشقۇدەك نېمىسى بولسۇن؟
تۆك ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇلۇپتۇ. ئۇ-
نىڭدا يەنە بۇرۇنقىدەكلا سۇ قاچىلىغىلى بولىدىكەن، بىراق
بىر يېرى تازا قاملاشماپتۇ. تۆگنى سورىغان كىشى ئۇنىڭدا
ئىككى كۆنگىچە كونىراپ كەتكەن هاراقنى ساقلىغانىكەن.
ئەمدى بۇ تۆگغا تېگىپلا كەتكەن نەرسە پىۋا، لىمون سۈيى،
هەتتا يېمەكلىك بولامدۇ، ئىشقىلىپ هەممىلا نېمە ئاچچىق
هاراق پۇراپ تۇرىدىغان بوپتۇ. نەچچە يىلغىچە تۆگنىڭ ئىگى-
سى ئۇنىڭغا هەرخىل ئاماللارنى قىلىپ بېقىپتۇ، ئۇنى قايني-
تىپتۇ، ئاپتاپقا قاقلاپتۇ، ئىچىگە ئۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەر-
نى سېلىپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن قانداق قىلسىمۇ ئۇنىڭدىكى
هاراقنىڭ هىدىنى يوقىتالماپتۇ. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئامال!
ئاخىر ئۇنى يوقاتقىنى يوقاتقان بوپتۇ.

* *

ئاتا بولغۇچىلار ئۇقماي قالمىسۇن، مەن بۇ مەسىلىنى
شۇلارغا ئېيتىۋاتىمەن. يامان ئىشنى ئۆگەنمەك ناهايىتى ئو-





# كرىلوف مەسەللىرى

ڭاي، هاياتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يۇقتۇرۇۋالغان يامان ئادەت كېيىنكى چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەيلى گەپ ـ سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتتىكى ئەيىب ـ نۇقسانلار بولسۇن، يۇقۇپلا قالسا، ئۇ ئۇچ ياشتىن تارتىپ ياكى قىرىغۇچە ئۆزىنى كۆرسەتكىنى كۆرسەتكەن.







www.uyghurkitap.com

# تايغانلار ماكانىغا كىرىپ قالغان بۆرە

بۆرە كېچىدە قوي قوتىنىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، تايغانلار بار يەرگە كىرىپ قاپتىكەن، تايغانلار كۈندۈزدىكىدەك جىددىي ھالەتكە ئۆتۈپتۇ، يەنى بۆرىنىڭ ھىدىنى پۇراپلا دەرھال كاتەكلىرىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ.

— ھەي، بۇرادەرلەر، ئوغرى كەلدى، ئوغرى! — تايغانلارنىڭ ئىگىسى شۇنداق دەپ ۋارقىرىشى بىلەنلا قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلىپ، تاقاق سېلىنىپتۇ. بەزىلەر قولىغا كالتەك، بەزىلەر مىلتىق ئېلىشىپتۇ. ئەتراپنى پاتىپاراقچىلىق قاپلاپتۇ.

— ئوت ئەكېلىڭلار، ھەي، ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئەكېلىڭلار! — دېگەن ۋارقىراش بىلەن تەڭلا بىرەيلەن مەشئەلنى تۇتاشتۇرۇپ كەپتۇ. بۆرە بىر بۇلۇڭغا بىكىنىۋاپتۇ، ئۇنىڭ كۆل رەڭ تېنى شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىشقا تازا باب ئىكەن. ئۇ خۇددى بۇ يەردىكىلەرنى بىراقلا يەۋېتىدىغاندەك سۇرلۇك

---

* بۇ مەسەلدە روسىيە زېمىنىدا يا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان، يا چېكىنەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، سۈلھى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ناپولېئون مەسخىرە قىلىنىدىغان. روسىيە قوماندانى كۇتۇزوف ئوفىتسېرلىرىغا بۇ مەسەلنى ئوقۇپ بېرىۋېتىپ، «سېنىڭ تۈكلىرىڭ كۆل رەڭ بولسا، مېنىڭ چاچلىرىم ئۆچتەك ئاقارغان» دېگەن يەرگە كەلگەندە، ھەربىي شەپكىسىنى ئېلىپ، كۈمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرىنى كۆپچىلىككە كۆرسەتكەن. ئۇ بۇ مەسەلنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىستراتېگىيىسىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرگەن، دەپ ھېسابلىغان.





www.uyghurkitap.com

# كرىلوف مەسەللىرى

چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تۈكلىرىنى دىردايتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ كېتىپتۇ. لېكىن، تايغانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا سەل ئەقىل ئىشلەتمىسە بۇ چارە ئاقمايدۇ — دە. قىسقىسى، بۈگۈن كەچتە پۇلسىز قوي گۆشىنى يېيىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق. ھىيلىگەر بۆرە سۇلھى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىپتۇ — دە، ياغلىما ئېغىزلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— دوستلىرىم، مۇنداق جېدەل — تالاش قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن سىلەرنىڭ كونا ئاغىنەڭلار، سىلەر بىلەن ئۇزۇندىن بېرى ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان قان قېرىنداشلار! مەن سىلەر بىلەن سۇلھى قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، ئەلپازىڭلارنى نېمىشقا مۇنداق بۇزىسىلەر؟ ئۆتكەن ئىشلارنى سالىۋات قىلىۋېتىپ، ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمى تۈزەيلى، مەن قويلىرىڭلارنى پاراكەندە قىلماي، ئەكسىچە دەردكە دەرمان بولاي. بىز بۆرىلەرنىڭ گېپىمىز گەپ، مەن قەسەم قىلىپ بېرەي…

— كەچۈرگىن، ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپتۇ تايغانلارنىڭ ئىگىسى، — سېنىڭ تۈكلىرىڭ كۈل رەڭ بولسا، مېنىڭ چاچلىرىم ئۇچەتەك ئاقارغان. مەن بۆرە دېگەننىڭ ماھىيىتىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن، بۇ ھەقتە جىق ئاساسلىرىم بار، بۆرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن: بۆرىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇشقىلا بولىدىكەنكى، ئۇنىڭ بىلەن سۇلھى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئۇ تايغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۆرىگە قويۇپ بېرىپتۇ.



# ئېرىق

بىر دېھقاننىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىقىنى دەريا ئاققۇزۇپ كەتكەنىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تارتقان بۇ ئېغىر زىيىنىنى ۋە مەڭگۈلۈك ھەسرىتىنى ئېرىق بويىدا مۇڭلۇق قوشاققا قېتىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئېرىق بۇ مۇڭ - زارنى ئاڭلاپ:

— ھەي، نەپسى بالا دەريا، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ، — ئەگەر سەن ماڭا ئوخشاش سۈزۈك ھەم تېيىز بولغان بولساڭ، ئىنسانلار لاتقا تىنىپ كەتكەن ئېقىنىڭدىن سېنىڭ ئاچ كۆز-لۈكۈڭنىڭ قۇربانىنى، يەنى سەن رەھىمسىزلىك بىلەن يۇتۇ-ۋەتكەن نەرسىنى كۆرەۋالغان بولماسمىدى! مۇنداق شەرمەندى-چىلىك قىلىپ يۈرگۈچە يەرنىڭ تەكتىگە ياكى ھاڭنىڭ تۈۋى-گە كىرىپ كەتسەڭ بولمامدۇ!

— ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇپ قالغان بولسام، ئۆزۈمنى تەبىئەتنىڭ پەخرى ھېسابلاپ، مولايىم ئېقىپ، بىرمۇ مەۋجۇداتقا زىيان سالمىغان بولاتتىم! يولۇمدا ئۇچرىغان ھەر بىر كەپە، ھەر بىر دەرەخنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتىم؛ ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ئۇلۇغلايتتى، مەن تاغ - جىلغىلارغا، دالا - تۈزلەڭلەرگە بەخت ئېلىپ كېلەتتىمكى، بىرمۇ گۈل - گىياھقا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيتتىم! مەن ئاققان يولۇمدا مەمۇرچىلىق ياغدۇراتتىمكى، ھېچكىمگە، ھېچقانداق يەرگە تالاپەت ۋە ئازاب سالمايتتىم، تاكى دېڭىزغا قۇيۇلغۇچە قۇدرەت ۋە تىنچلىقنى





نامايىش قىلىپ، پاك، تىنىق، كۈمۈشتەك يالتىراق ئېقىن بو-
لۇپ ئاقاتتىم !

ئېرىق ئەنە شۇنداق دەپتۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىدىكەن. لېكىن، ئاخىر قانداق بوپتۇ؟

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا تاغ چوققىلىرىنى قو- يۇق قارا بۇلۇت قاپلاپ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك يېغىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، سۇ ئۇلغىيىپ ئېرىق دەرياغا ئايلى- نىپتۇ. ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىمۇ تۈپتىن ئۆزگىرىپتۇ. شىددەت بىلەن تۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان بۇ ئېقىنغا قاش ـ تۇس- مىلارمۇ كار كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ زەربى بىلەن يوپۇرۇلۇپ كې- لىۋاتقان لاي ئېقىنىدا ئۇزۇن يىللىق كاۋچۇك دەرەخلىرىمۇ غۇلاپ چۈشۈپتۇ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يىرىلغان سۇنغان ۋە لەرزىگە كەلگەن ئاۋازلىرى جاھاننى بىر ئاپتۇ، ھەتتا ھېلىقى پادىچىمۇ (دەريادىن شىكايەت قىلىپ مۇشۇ ئېرىقنىڭ نۇرغۇن خەيرخاھلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاشۇ پادىچىمۇ) ئۆزىنىڭ قوي ـ پويلىرى بىلەن بىراقلا ئېقىپ كېتىپتۇ، ئۆيلىرىنىڭ- مۇ ھېچبىر ئىزى قالماپتۇ.

※ ※

تىنچ ۋە سۈزۈك ئاقىدىغان نۇرغۇن ئېرىقلارنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ- نىڭدا ئېقىۋاتقان سۇ تايىنلىق.





# تۆلكە بىلەن سۈغۇر

— مۈنچە ئالدىراپ، ھودۇقۇپ نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ سۈغۇر يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۆلكىدىن.

— ھەي، قەدىرلىك ئاغىنەم، — دەپتۇ تۆلكە، — مەن تۆھمەت ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىدىم. ئۇلار مېنى خىيانەتچى دەپ قوغلاپ چىقىرىشتى. خەۋىرىڭ بار، ئۇلار مېنى توخۇلارغا سو-دىيە قىلىپ بەلگىلەشتى. بۇ خىزمەتنى قىلىمەن دەپ سالا-مەتلىكىمنىمۇ سېلىپ بەردىم، مېڭەممۇ تۈگەشتى، ھەتتا تاماق يەۋالغۇدەكمۇ چولام يوق، ھەر كۈنى تۈن ھەسسىدە ئۇخلايمەن. شۇنداق ئىشلىسەممۇ ئاقىۋىتى نېمە بولدى، مانا ئەمسە دەپ كۆتۈمگە تېپىشتى شۇ! ئۇلار يالغاننى توقۇغاندىمۇ ناھايىتى شەپقەتسىز توقۇشتى. ئۆزۈڭمۇ چۈشىنىسەن، ئەگەر يالغان گەپ بىلەنلا ئىش قىلىنىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا نامىغا داغ تەگمەيدىغان ھېچكىم قالمايدۇ. مەن خىيانەتچى؟ توۋا، مەن شۇنچىلىك ئەقلىمنى يوقىتىپ قويغاندىمەنمۇ؟ سەن ئۆزۈڭ ئادىل بىر نېمە دەپ باقساڭ، قانداق دەلىل- ئىسپات كۆر-سەتسەڭمۇ مەيلى. مەن زادى شۇنداق ئىش قىلارمەنمۇ؟ ئۇبدان ئويلىنىپ باقساڭ، سەنمۇ چۈشىنىسەن!

— توغرا، ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى يالغان، — دەپتۇ سۈغۇر، — بىراق راست گەپنى قىلسام، مەن بىرنەچچە قېتىم تۇمشۇ-قۇڭغا توخۇ پەيلىرىنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن.

※ ※





— مېنىڭ «ئامبال» ئاغىنەم خۇددى بۇگۇن كەپىنەك تۇ-
تۇلۇپ سوراق قىلىنىدىغاندەك غەمكىن يۇرىدۇ. راستىنى كەپىنەك
ئېيتقاندا، ئۇ ئۆمۈر بويى ئازراقمۇ پۇل يىغالىغان ئادەم ئە-
مەس، خوتۇنىنىڭمۇ پۇل يىغقۇچىلىكى يوق، شۇنداقتىمۇ ئۇ
ئاستا - ئاستا بىر ئۆي سېلىپ، خېلى چوڭ ئىگىلىك تىك-
لىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ كىرىمى زادى نەدىن كەلگەن؟ بۇنىڭغا سەن
سوتتا بىرەر دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىسەڭمۇ،
لېكىن چوقۇم مۇنداق دەيدىغانلىقىڭغا ئىشەنچىم كامىل:
— مەن تۇمشۇقۇڭغا توخۇ پەيلىرىنىڭ چاپلىشىپ قالغان-
لىقىنى كۆرگەنىدىم.





# يولۇچىلار بىلەن تايغان

بىر كۈنى كەچقۇرۇن گۇگۇم پەيتىدە، ئىككى ئاغىنە قىزغىن پاراڭ بىلەن خىرامان كېتىۋاتقانىكەن، بىر دەرۋازىدىن تۇيۇقسىز بىر ئالا تايغان يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇلارغا قاراپ قاۋاپتۇ، كەينىدىنلا ئۇ ھويلىدىن، بۇ ھويلىدىن بىرمۇنچە تايغانلار چىقىپ قاۋىشىپ كوچىنى بېشىغا كىيىپتۇ.

ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ بىرى يەردىن تاش ئېلىپ ئىتلارغا ئاتماقچى بوپتىكەن، يەنە بىرى دەپتۇ:

— ئەخمەقلىق قىلما، قاۋاشسا قاۋىشىۋەرسۇن! بەربىر ئىتنىڭ ئاغزىنى ئېتەلمەيسەن، ئىتنىڭ خۇي - پەيلى ماڭا مەلۇم، بۇ ئىتلارغا تەڭ تۇرمەن دېسەڭ، ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى شۇ. ئارقىمىزغا قارىماي يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى.

ئۇلار 50 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، دېگەندەك ئىتلارنىڭ قاۋىشى پەسلەپ، ئاخىر پۈتۈنلەي تىنچىپتۇ.

※ ※

باشقىلار ماختىغانلىكى نەرسىگە ئىت مىجەزلىكلەر قاۋىماي قالمايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ ئاغزىنى توسىمەن دېمەي، ئۆزۈڭنىڭ يولىدا كېتىۋەرگىنىڭ تۈزۈك، ئۇلار قاۋاپ - قاۋاپ ئاخىر ئۆزلۈكىدىن بېسىقىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



# يىڭناغۇچ بىلەن چۈمۈلە

لايغەزەل يىڭناغۇچ ياز بويى ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈپتۇ، هەش ـ پەش دىگۈچە قىش يېقىنلىشىپ قاپتۇ.

ئېتىز ـ داللار چۆلسىرەپتۇ، ئىللىق ئاپتاپلىق چاغلار، هەر بىر يوپۇرماقنىڭ ئاستىدا تەييار چۈشەك، تەييار تاماق بار كۈنلەر پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ. قىش كەلگەندىن كېيىن، يىڭناغۇچ بىراقلا قىستاپ كەلگەن سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ئەمدى پۈتۈنلەي ناخشا ئېيتماس بوپتۇ (قورساق ئاچقاندا كىمنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى كەلسۇن). ئۇ كۈن بويى غەمكىن يۈرىدىكەن، ئۆزىچە غىڭشىپمۇ قويىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئوبدان چۈمۈلىجان، — دەپتۇ، — مېنى پاناهىڭغا ئالساڭ. مەن بۇ يەردە تېزلا قۇۋۋەتلىنىپ قالاتتىم. ئەتىيازغا چىقۇۋالغۇچە ماڭا ئىسسىق ماكان، ئوزۇق بېرىپ تۇرساڭ !

— بۇرادەر، مەن ساڭا بەك هەيران، ئەجەبا، سەن قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيتتىڭمۇ ! ؟

— يېشىل مەخمەلدەك چىمەنزارلىقلاردا سائەت ـ سائەتلەپ ناخشا ئېيتىپ ئويناپ، كاللا ـ مېڭەم ئايلىنىپ كەتكەندە، بۇ غەمنى قىلىشقا نەدە چولا دەيسەن؟

— ئەمىسە سەن...

— مەن يەنە ناخشامنى ئېيتىپ بىغەم يۈرۈۋېرىمەن.

— ناخشامنى ئېيتىپ...؟ پاھ، نېمىدېگەن قالتىس ! ئۇنداق بولسا هازىر يەنە تالاغا چىقىپ ناخشاڭنى ئېيتىپ، ئۇسسۇلۇڭنى ئويناپ يۈرۈۋەر !









ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يالغانچى

چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگىنىگە تېخى بىرنەچچە كۈنلا بولغان بىر ئاقسۆڭەك (بەلكىم ئۇ كىنەز بولۇشىمۇ مۇمكىن) ئاغىنىسى بىلەن دالىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزى بارغان يەرلەر توغرۇلۇق قالتىس چوڭ گەپلەرنى قىپتۇ. ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ راستىدىن يالغىنى كۆپ ئىكەن.

— قوي بۇ يەرلەرنى، — دەپتۇ ئۇ، — مەن كۆرگەن جايلارنى جاھاننىڭ باشقا يېرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ! ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلەر نېمە؟ ئىسسىقىمۇ دەھشەت، سوغۇقىمۇ دەھشەت. بۇ يەرلەردىكى تۆت پەسىلنىڭ ھاۋاسى ھاۋامۇ، قىش كۈنلىرى ھە دېسە قار يېغىپ تۇرغان، ھەتتا قۇياشنىڭ جامالىنىمۇ كۆرگىلى، يازدا كۈننىڭ ئىسسىقىغا چىداپ تۇرغىلى بولمىغان. ئۇ ياقلار بولسا بۇ ئالەمنىڭ جەننىتى دېگىنە. خىيال قىلسا ئادەمنىڭ ئۇچۇپ بارغۇسى كېلىپ كېتىدۇ! جۇۋا كىيىدىغان ئىش يوق، چىراغمۇ كەتمەيدۇ، چۈنكى كېچە بولمايدۇ - دە، قاچانلا قارىساڭ كۈندۈز، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسى ماي ئېيىدەكلا. ئۇ يەردە ھېچكىم كۆچەت تىكىپ، ئۇرۇق چېچىپ يۈرمەيدۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈۋاتقان نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئۆلگۈرسەڭلا بولغىنى. ئالايلۇق، بىر كۈنى رىمدا بىر تەرخەمەكنى كۆردۈم، توۋا، ئۇمۇرۋايەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ، لاپ گەپ ئەمەس، يوغانلىقى خۇددى تاغدەكلا بار!

— يائاللا، قالتىسكەن - ھە، — دەپتۇ ئۇنىڭ ئاغىنىسى، — دۇنيا دېگەن قالتىس مۆجىزىلەرگە تولغان جۇمۇ،



لېكىن ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا تونۇپ كېتەلىشى ناتا-
يىن. مانا ئىككىمىزمۇ شۇ تاپتا بىر مۆجىزىلىك جايغا قاراپ
كېتىۋاتىمىز، بۇنى سەن بىلمەيسەن، لېكىن نېمىلا بولسا
بولسۇن، ئۇ بىر مۆجىزە. قارا، ئاۋۇ تەرەپتە دەرياغا سېلىنغان
بىر كۆۋرۈك بار، بىز ھازىر شۇ يەرگە بارىمىز، قارىساڭ ئاد-
دىيلا بىر كۆۋرۈك، لېكىن ئاجايىپ بىر خىسلىتى بار، ھەر-
قانداق يالغانچى ئادەم ئۇنىڭغا دەسسەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ،
جۈرئەت قىلغان تەقدىردىمۇ كۆۋرۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا
كەلگەندە دەرياغا موللاق ئېتىپ چۈشمەي قالمايدۇ. يالغان گەپ
قىلمايدىغان ئادەملەرچۇ، ئۇلار بولسا تۆت ئاتلىق ھارۋىدىمۇ
بەخىرامان ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

— راست شۇنداقمۇ؟ دەريانىڭ سۈيى قانچىلىك چوڭقۇر؟

— ئىككى - ئۈچ مېتىرچە كېلىدۇ. ھە، ئاغىنە، مانا
سەنمۇ قالتىس بىر مۆجىزىنى كۆرىدىغان بولدۇڭ، گېپىڭگە
قارىغاندا ئۇ تەرخەمىكنىڭ ئالامەت يوغان ئىكەن، سېنىڭ گې-
پىڭنىڭغۇ يالغان دېمەيمەن، ھېلىقى تەرخەمەكنى تاغدەك بار
دېدىڭما؟

— تاغدەك؟ ياقەي، دۆڭچىلىك بار، ھېچ بولمىغاندا ئۆي-
چىلىككۇ باردۇ.

— يائاللا، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكمۇ بىر ئىشكەن - ھە؟
راست خېلى مۆجىزە ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭدىنمۇ قالتىس
مۆجىزە دېسە بىزنىڭ ئاشۇ كۆۋرۈكنى دېسە بولىدۇ. چۈنكى
ئۇ يالغانچىنى قانداق قىلسىمۇ ئۆتكۈزمەيدۇ - دە. بىلەمسەن،
بۇ يىل ئەتىيازدا ئىككى مۇخبىر، يەنە بىر ماشىنىچى شۇ
كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى پۈتۈن شەھەر خەلقى بى-
لىدۇ. سېنىڭ ھېلىقى تەرخەمىكىڭنىڭ يوغانلىقى ئۆيچىلىك





www.uyghurkitap.com

بار دېدىڭ ـ ھە؟ ناۋادا مۇشۇ راست گەپ بولسا، ھەقىقەتەن مۆجىزە ئىكەن.

— ياقەي، سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئەمەس. بىر ئۆي چىلىك دېسەم يوغان چاغلاپ كېتىۋاتقان ئوخشايسەن. ئۇ يەر- نىڭ ئۆيلىرىنى بىزنىڭ بۇ يەردىكى كاتتا ئايۋان ـ سارايلار- دەك دەپ ئويلاپ قالما. كاتەكنىڭ ئۆزى، ئىككى ئادەم ئاران ئۆمىلەپ كىرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە يا تۇرۇش، يا ئولتۇ- رۇش مۇمكىن ئەمەس!

— ماقۇل، شۇنداقمۇ بولسۇن، ئىشقىلىپ تەرخەمەك ئىككى ئادەم كىرگىلى بولىدىغان ئۆيدەككەنغۇ، ئۇنداقتا ئۇنى مۆجىزە ھېسابلىساق ھەرگىز خاتا بولمايدىكەن. لېكىن، بىز- نىڭ بۇ كۆۋرۈكزە، يالغانچى ئادەم ئۆتۈپ باقايچۇ دەپ ئۇچ- تۆت قەدەم ماڭسىلا، بولدى، ئۆزىنى سۇدا كۆرىدۇ. ھېلىقى تەرخەمەكنىڭمۇ مۆجىزە دېدۇق، لېكىن بۇ...

— ياپىر، — دەۋېتىپتۇ ھېلىقى ساياھەتچى، — چوقۇم بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمىسە بولمايدىغانلىقىنىڭ نىمە سەۋەبى بار- لىقىنى ھېچ چۈشەنمىدىم، بىز بىرەر كېچىك ئىزدەپ باقساق بولمامدۇ؟



# بۈركۈت بىلەن ھەسەل ھەرىسى

شۆھرەت قازانغان كىشىلەر تەلەيلىك، ئۇلار ئۆزلىرى ئورۇنداۋاتقان ئىشقا جاھان ئەھلىنىڭ كۆز تىكىپ تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ناھايىتى غەيرەت بىلەن ئىشلەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلاردىنمۇ كۆپرەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرمۇ بار، ئۇلار قانداقتۇر بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرىنى مىننەتسىز ئەمگىكى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلار شان - شەرەپكىمۇ، ماختاش - تەرىپلەشكىمۇ مۇيەسسەر ئەمەس. مەن خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىۋاتىمەن دېگەن بىر ئەقىدىلا ئۇلارنى تىرىشىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

※ ※

تىنىم تاپماس ھەرىسى گۈللۈكتە ھەدەپ شىرنە يىغىۋاتقانىكەن، بۈركۈت ئۇنىڭغا قاراپ زاڭلىق قىلىپ دەپتۇ:

— ھەي بىچارە، پۈتۈن ئەقىل - ھوشۇڭ ۋە كۈچۈڭ بىلەن جاپالىق ئىشلەيدىكەنسەن. بىرەر مىڭلار غۇجمەك بولۇشۇۋېلىپ ياز بويى كۆنەكلەر ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرىدىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ بۇ مېھنىتىڭلارنى كىم كۆرىدۇ؟ كىم سىلەرنى ماختاپ قويىدۇ؟ تۇۋا، ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق جاپا چېكىپ ئۆتۈپ كېتىشكە قانداق كۆڭلۈڭلار چىدايدۇ، ۋوي. مۇنداق مۇشەققەت تارتىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچىسىلەر؟ ئا-





قۇتتىڭلار نام - ئاتاقسىز شۇ بىر تۈپنىڭ ئىچىدە ئۈن - دېرەكسىز تۇگەپ كېتىشتىن باشقا نېمە بولماقچى ئىدى.

مېنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاسمان - زېمىن پەرق بار ! مەن دېگەن غەيرەتكە كېلىپ، قاناتلىرىمنى كېرىپ ئاسمانغا شۇنداق پەرۋاز قىلىپ چىقىدىغان بولسام، پۈتۈن جاھاننى ۋەھىمە باسىدۇ. ئۇچار قاناتلار ئۆۋسىدىن چىقالمايدۇ، پادىچى ئۆزىنىڭ سېمىز پاقلىنىنى قوغدايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ، قويۇندەك تېز چاپىدىغان كېيىكمۇ مېنى كۆرسە ئۆزىنى دالدىغا ئالماي قالمايدۇ.

— شان - شەرەپ، نام - ئاتاق ساڭىلا مەنسۇپ بولسۇن ! — دەپتۇ ھەسەل ھەرىسى، — خۇدايىم ئامەت - تەلەي دېگەننى سەندىن نېرى قىلمىسۇن. ئەمدى ئۆزۈمگە كەلسەم، ئەزەلدىنلا كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن يارالغانىكەنمەن. مەن كىچىككىنە ئەمگىكىمنى نامايان قىلىشنى خالىمايمەن. ھەر قېتىم كۈنىكىمىزگە قارىغان چېغىمدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە ھەسەلنى كۆرۈپ، شۇنىڭ بىر تامچىسىنى مەن ياراتقانغۇ دەيمەن - دە، ئۆزۈمگە تەسەللى تاپىمەن.









# ياۋا توشقاننىڭ شىكارغا چىقىشى

بىر كۈنى ھايۋانلار شىكارغا چىقىپتۇ، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن ئېيىقنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر تۈزلەڭلىككە چىقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئېيىقنى ئۇلۇشۇشكە توغرا كەپتۇ. ھەممىسى ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىشنىڭ كويىدا ئىكەن، ئارىدا تۇيۇقسىز ئېيىقنىڭ سول قۇلىقى يوقىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كىم ئېلىۋاپتۇ دېمەمسىلەر؟ توشقان ئېلىۋاپ-تۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھايۋانلار چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ:

— ۋۇي ئەلەس، سەنمۇ بۇ يەردىمىدىڭ؟ نەدىن ئۇندۇڭ بۇ يەرگە؟ ئەجەب بىز ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولۇپ قاپسەنغۇ!

— ھەي بۇرادەرلەر، — دەپتۇ توشقان، — مېنىڭ گې-پىمگىمۇ قۇلاق سېلىپ بېقىڭلار، بىز خام تالىشىنى قىلىۋات-قان ماۋۇ ئاغىنىمىزنى ئورمانلىقتىن كىم قوغلاپ چىققان؟ مانا مەن، ئۇنى تۈزلەڭلىككە ئاچىقىپ جېنىنى ئالغانمۇ مەن!

بۇ پو ھېچكىمنى ئالدىيالماپتۇ، لېكىن ناھايىتى قىزىق ئاڭلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ھېلىقى قۇلاقنى ياۋا توشقانغا بېرىپتۇ.

※ ※

بىز پو ئاتىدىغانلارنى زاڭلىق قىلىمىز، لېكىن ئولجا بۆ-لۈشىدىغان چاغدا، ئۇلار يەنىلا ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىۋېرىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قىزىل بارراكۇدا بېلىقى ۋە مۈشۈك

موزدۇزنىڭ ناۋايلىق قىلىشى، ناۋايخانىنىڭ موزدۇزخانىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن بىرەر ياخشى نەتىجە چىقارمىكىن دەپ ئۈمىد قىلماڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۆز كەسپىنى تاشلىۋېتىپ، بىلمەيدىغان كەسىپ بىلەن ھەپىلىشىپ ئىش بۇزۇپ يۈرگەن ئادەمدىنمۇ جاھىل ۋە ئەخمەق ئادەم بولمايدۇ. ئۇ نەتىجىسىز ئەمگىكى بىلەن خەلقئالەمنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشقا رازىكى، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت ۋە يوليورۇق ئېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

※ ※

«ئەگەر مەن مۈشۈككە ئوخشاش بىرنەچچە چاشقان تۇتۇۋالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى !» دەپ ئويلاپتۇ چىشلىرى ئالماستەك ئۆتكۈر قىزىل باررراكۇدا بېلىقى. ئۇنى خەقنىڭ رىزقىغا كۆز قىزارتىدىغان بۇ كويغا بەلكىم شەيتان سالغاندۇ، بەلكىم ئۇنى بېلىقنى تولا يەپ زېرىكىپ شۇ ئويغا كېلىپ قالغاندۇ. نېمىلا بولسا بولسۇن، ئىشقىلىپ ئۇ مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ھە، — دەپتۇ ئۇ، — بىر گېپىم بار، ئاغزىمدىن

---

* بۇ مەسەل ۋەتەن ئۇرۇشى ۋاقتىدا يېزىلغان. بۇنىڭدا ئادمىرال چىچاگوۋنىڭ قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، بارادىنا دەرياسىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ناپولېئونغا زەربە بېرەلمىگەنلىكى مەسخىرە قىلىنغان.



چىققۇچە رەت قىلىنىۋېتىپ قالما ! ئامباردا ئۇۋ ئۇۋلايدىغان بىر ھۈنەر بار ئىكەن، مەنمۇ بىرەر كۈن شۇنىڭ بىلەن جان باقايمىكىن دەيمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ ! — دەپتۇ مۈشۈك دوستانىلىك بىلەن، — بىراق بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر ھالدا ھوشيار بول، بولمىسا پالاكەتكە ئۇچرايسەن. نېمىلا دېگەنبىلەن «قۇشقاچ سويسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان.

— قەدىرلىكىم، بۇ نېمە دېگىنىڭ، ھەر - ھەر بېلىقلارنى تۇتالىغان يەردە، شۇ چاشقانغا تەڭ كېلەلمەسمەنمۇ !

— ئەمىسە يۈر، ئامىتىڭ ئوڭىدىن كەلسە ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار بېرىپ چاشقاننى پايلاپ يېتىپتۇ. مۈشۈك چاشقانلاردىن ئوينايدىغىنىنى ئويناپ، يەيدىغىنىنى يەپ، قورسىقى تويغاندىن كېيىن، قىزىل بارراكۇدا بېلىقى قانداق قىلىۋاتقاندۇ دەپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ چىرايى تامدەك تاتارغان، ئاغزى ماك - ماك ئېچىلغان، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىغان ھالدا بىر بۇلۇڭدا ياتقان، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى چاشقان يەپ قويغانىكەن. مۈشۈك قىزىل بارراكۇدانىڭ بۇ ئىشقا يارىمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ - دە، ئۇ چالا ئۆلۈك پېتى سۆرەپ كېلىپ كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ.

— خوپ بولدى، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ ھۈنەرنىڭ قانداق ھۈنەر ئىكەنلىكىنى ئەمدىغۇ بىلگەنسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئەقلىڭنى تېپىۋال، چاشقان تۇتۇش ماڭىلا مەنسۇپ بولۇپ قالسۇن.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بۆرە بىلەن كاككۇك

بۆرە كاككۇكقا مۇنداق دەپتۇ:

— خەير - خوش، قەدىرلىك قوشنام! نەچچە ۋاقىتتىن
بېرى ئۆز كۆڭلۈمنى ياساپ يۈرگەنىدىم، قارىسام بۇ يەردە
ئارامخۇدا كۈن ئالالمىغۇدەكمەن. ئادەملىرىمۇ، ئىتلىرىمۇ بەك
بەتخۇي، قارا كۆڭۈل ئىكەن! مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماي،
تىنچ ياشاپ كېتەلەيمەن دەيدىغان پەيغەمبەر ئەمەسقۇ.

— دېمەك، يىراققا سەپەرگە ئاتلىنىپسەن - دە، قوشنام.
ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سەممىي، ياۋاشمىكەن؟ ئۇ يەر
شۇنچىلىك تىنچ، ئارامخۇدا ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان ئاسا-
يىشلىق ماكانمىكەن؟

— ۋاھ، قوشنام، مەن باغۇ ئېرەمنىڭ ئۆزىگە بارىمەن
دېگىنە، ئۇ ئارامگاھنىڭ ئۆزى! ئۇرۇش دېسەڭ ئۇ يەردە
ھېچكىم ئۇرۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. كىشىلەر قويدەك
ياۋاش، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۈت - قىمىزلار ئېقىپ تۇرى-
دۇ. قىسقىسى، ئۇ ئالتۇندەك ماكان. ئۇ يەردە قولۇم - قوش-
نىلار ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتۈشىدۇ، ھەتتا ئىتلارمۇ ئادەم
چىشلىمەك تۇگۇل، نە كېچە، نە كۈندۈز قاۋاپمۇ قويماسمىش.
قەدىرلىك دوستۇم، ئېيتە، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدان ئارام-
بەخش ماكان نەدە (ھەتتا چۈشۈڭدىمۇ كۆرەلمەسەن)، ئەنە
راھەت دېگەن شۇ! خوش ئەمىسە، ھەر ھالدا ياخشى تەرەپلىرى-
مىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى. قاراپ تۇر، مەن ئۇ يەردە ھوزۇر -
ھالاۋەت، تىنچ - ئامانلىق، خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە يا-





شىمايدىغان بولسام. بۇ يەردىكىدەك ھە دېسە خەۋپ ـ خەتەر
يېغىپ تۇرىدىغان، كېچىلىرى ئارامخۇدا كۆز يۇمغىلى بولمايـ
دىغان ئىش ئۇ يەردە يوق دېگىنە !

— ئەمىسە، ئاقيول بولسۇن، قەدىرلىك قوشنام ! —
دەپتۇ كاككۇك، — سەندىن بىر گەپ سورىۋالاي، سەن چىشـ
لىرىڭنى، «ئوبدان» مىجەزىڭنى ئۆزۈڭ بىللە ئەكېتەمـ
سەن ياكى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ كېتەمسەن؟

— نېمە ! تاشلاپ كېتىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن؟
ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئىش بولمايدۇ !

— ئەمىسە، دوستۇم، گېپىم ئېسىڭدە بولسۇنكى، تېرەڭ
تۇلۇمغا ئايلانغۇدەك.

※ ※

ئۆزى قانچىكى رەزىل بولغانلار باشقىلاردىن قۇسۇر تېـ
پىشقا شۇنچە ئامراق بولىدۇ، مەيلى قەيەردە، مەيلى كىم بولـ
سۇن، ئۇلارنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئالدى بىلەن
چاتاق تېرىيدىغانلار دەل ئاشۇلارنىڭ ئۆزى.







www.uyghurkitap.com

# خوراز بىلەن مەرۋايىت

خوراز قىغىنىڭ ئارىسىنى تاتىلاۋېتىپ بىر تال مەرۋايىت تېپىۋاپتۇ.

— مۇشۇمۇ نەرسىمۇ، — دەپتۇ ئۇ، — نېمىگە پايدىسى بار. ئادەمزات دېگەنگۇ ئەخمەق، بۇنى ئۆزلىرىچە ئەتىۋار نېمە قىلىشىۋالىدىكەن. مېنىڭچە بولسا، بۇنىڭ ئورنىغا بىرتال دان تېپىۋالغان بولسام قالتىس ئوبدان بولاتتى. دان مەرۋايىتتەك چىرايلىق بولسىمۇ قورساققا ئارام ـ دە.



※ ※

نادان ئادەملەر مەسىلىگە مۇشۇنداق قارايدۇ، ئۆزلىرىگە پايدىسى بولمىغان نەرسە ئۇلار ئۈچۈن كېرەكسىز نەرسە.





# باي دېھقان ۋە ئۇنىڭ يىللىقچىسى

باشقا بالا كەلگەندە قۇتۇلدۇرۇۋالغۇچى كىشىگە رەھمەت -
تەزىم يېغىپ كېتىدۇ، لېكىن پالاكەتچىلىك شۇنداقلا ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ ئەيىبلەپ
كېتىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەيىبىنى تاپقىلى بول-
مايدىغان ئىش ھەرگىز بولمايدۇ.

※ ※

باي دېھقان يىللىقچىسى بىلەن ئورمانلىقتا كېتىۋاتسا
ئالدىدىن تۇيۇقسىز ئېيىق چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ-
تۇ. باي دېھقان ۋاي دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئېيىقنىڭ چاڭگى-
لىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئېيىق ئۇنى ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ
ئاخىر بېسىۋاپتۇ، ئاندىن ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ جېنىنى
ئالاي دەپ تۇرغاندا، باي دېھقان داد - پەرياد كۆتۈرۈپ توۋلاپ-
تۇ:

— ۋاي ستېپان، ئوبدان ستېپان، ئۆلگىلى تاس قېلىۋا-
تىمەن، قاراپ تۇرىسەنغۇ !

ئۇنىڭ بىچارىلەرچە پەريادىنى ئاڭلاپ بىزنىڭ باتۇر يىگى-
تىمىز پالتىسىنى زەرب بىلەن بىر ئۇرۇپتىكەن، ئېيىقنىڭ
بېشىنىڭ يېرىمى ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن ئۇ ئېيىقنىڭ قار-
نىغا ئارا سانجىپتۇ. ئېيىق ھۆركىرىگىنىچە يەردە دومىلاپ
جان تالىشىپتۇ.

ئېيىقنىڭ تىنىقى توختاپ خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كې-





www.uyghurkitap.com

يىن، باي دېھقان ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسىنى تا[illegible] ھاقارەتكە كۆمۈۋېتىپتۇ. بىچارە ستېپان بولسا ھەيران قالغان ھالدا:

— ۋاي خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تىللايسىز؟ — دېيتۇ.

— ئەخمەق، تېخى نېمىشقا دەپ سورايسەنغۇ؟ تولا سەت ھىجايما! كالۋالىق قىلىپ ئېيىقنىڭ تېرىسىنى تۆگەشتۈرگىنىڭنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن!



# مال بېسىلغان هارۋىلار

بوتۇلكا بېسىلغان هارۋىلار سەپ تارتىپ ئاستا كېتىۋاتقا-
نىكەن، خەتەرلىك، تىك داۋاندىن چۈشىدىغان چاغدا، هارۋىكەش
بىرىنچى هارۋىنى ئاستا پەسكە هەيدەپتۇ؛ قالغان هارۋىلار
داۋاننىڭ ئۈستىدە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. دەسلەپكى هارۋىنىڭ
ئېتى ياراملىق ئات ئىكەن، ئۇ هارۋىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقىنى
ئۈستىگە ئېلىپ قۇشقۇنغا ئولتۇرغانچە تىرەجەپ مېڭىپتۇ.
داۋاننىڭ ئۈستىدە تۇرغان تاي ئۇنىڭ ساناپ دەسسەپ ئاستا
كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىچە غۇدۇراپتۇ:

— تۇلپارمىش تېخى ! مۇشۇمۇ ئات بولدىمۇ؟ تاشپاقىدەك
مېڭىپ كېتىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان ! خۇدا ئۇنىڭغا ئەقلىنى
بېرىپتىكەن - دە ! ئەنە - ئەنە، تاشقا سوقۇلۇپ كەتكىلى
تاس قالدى ! تۇۋا، قىڭغىيىپ كېتىۋاتقىنىنى ! سول تەرەپكە
ماڭسا بولمامدۇ، يول مانا مەن دەپ تۇرسا. غاچ - غاچ ماڭ-
ماي، مانا - مانا، يەنە ئىرغاڭشىغىلى تۇردى ! ۋوي كالۋا !
داۋانغا چىقىۋاتقان ياكى كۈن كەچ بولغان بولسىغۇ بۇنىڭ يو-
لى باشقا، لېكىن هازىر داۋاندىن چۈشۈۋاتىدىغۇ، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە كۈندۈزغۇ ! قارىغانسېرى ئوغام قايناپ كېتىۋاتىدۇ ! ها-
لىغا بېقىپ ئىش قىلسا بولمامدۇ ! قېنى ئەمدى مېنى كۆر-
سۇن، تاراقلاپ چۈشۈپ هۈنىرىمنى بىر كۆرسىتىپ قويمايدى-
غان بولسام. ئۇنىڭ كەينىدە قالغان جاننى جان دەپ نېمە قىد-
لىمدۇ، مانا، سۆرەلمە پالاسلىق قىلماي هارۋىنى تاراق - تاراق
تارتىپ چۈشۈپ كەتتۇق !





# كىرىلوف مەسەللىرى

شۇ گەپ بىلەن تاي مەيدىسىنى كېرىپ، ھارۋىنى بىرلا تارتىپ، پەسكە قىيىندەك يۈگۈرۈپتۇ. ھارۋا بولسا ئۇيان- بۇيان چايقىلىپ، تاينىڭ دۇمبىسىگە ۋە بىقىنلىرىغا ئۇرۇلۇپتۇ. تاي ئۈركۈپ شۇنداق يۈگۈرۈپتۈكى، ئالدىدا نە تاش، نە ھاڭ بارلىقىغا دىققەت قىلماپتۇ. «ۋاي، سولغا، سولغا!» ھارۋا گۈلدۈر - تاراق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا يارغا ئۆرۈلۈپتۇ، ئۈستىدىكى بوتۇلكىلارمۇ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ.

※ ※

بىز مۇنداق سەنەمگە دەسسەيدىغان ئاغىنىلەرنى خېلى كۆرگەن! ئۇلار دائىم خەقنىڭ ئىشىنى ياراتمايدۇ، ئۆزلىرى بولسا ئىشنى شۇنداق يارامسىز قىلىشىدۇكى، بېرىپ كاچاتلىرىغا ئۇرغۇدەك كېلىپ كېتىدۇ.







# قاغا بالىسى

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈت يەردىكى قويلارغا ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قوزىنى تۇتۇپ ئاچىقىپ كېتىپتۇ. ئەمدىلا ئۇچۇرما بولغان بىر قاغا بالىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن، ئۇنىڭغا بۇ ئىش قىزىق تۇيۇلۇپتۇ.

«يېگەندىكىن، ئەلۋەتتە تويۇپ كېكەرگۈدەك يېيىش كېرەك» دەپتۇ ئۇ ئىچىدە «بولمىسا، ئېغىزنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىدۇ. قارىغاندا بۈركۈت دېگەن نېمىلەرنىمۇ باتۇر دېگىلى بولمىغۇدەك. شۇنچىۋالا جىق قوينىڭ ئارىسىدا قوزىدىن باشقىسى تېپىلمىغانمىدۇ. ئەگەر مەن شۇنداق قىلىشنى خالىسام، ئەلۋەتتە ئەڭ سېمىزىنى تاللاپ يېگەن بولاتتىم ! »

قاغا بالىسى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ قويلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپتۇ. قوزا، ساغلىق، قوچقارلارغىچە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپتۇ. ھەممىسىنى كۆرۈپ سېلىشتۇرۇپ، ئاخىر بىر قوچقارنى كۆزلەپتۇ. ئۇ قوچقار بولغاندىمۇ شۇنداق سېمىز ۋە يوغان قوچقار ئىكەن. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىدىغان بولسا، بەھەيۋەت بۆرىنىڭمۇ كۆزى چەكچىيىپ كېتىدىكەن.

نىشان ئېنىق بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا كۈچەپ ھۇجۇم قىلىش كېرەك ـ دە. قاغا بالىسى ئاسماندىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قوچقارنىڭ يۇڭىغا ئېسىلىپتۇ. ئاپلا، ئىش مۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ، بۇ قوچقارغا تەڭ كەلگى-





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





لى بولمىغۇدەك، ئۇنى ئاجايىپ ئويىلارغا سېلىۋەتكەن بۇ قوچ-
قارنىڭ يۇڭلىرى نېمىدېگەن سېيىق، نېمىدېگەن چىگىش،
تىكەندەك يىرىكلىكىچۇ تېخى. بۇ يۇرەكلىك قاغا بالىسى تىر-
نىقىنى يۇڭنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن خېلى تى-
رىشىپ بېقىپتۇ، لېكىن بولماپتۇ، ھايال ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ
يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ قارامىلارچە قىلغان تەۋەككۇلچىلىكى ئاخىرلىشىپتۇ.
پادىچى ئۇنىڭ يۇڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان پۇت-
قوللىرىنى ئاجرىتىپتۇ، يەنە ئۇنى قويلارنى ئېلىپ قېچىپ
كەتمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، قاناتلىرىنى كېسىپ، بالىلارغا
ئويناش ئۈچۈن بېرىۋېتىپتۇ.

※ ※

مېنىڭچە، بۇ مىسالنىڭ بىزگە پايدىسى يوق ئەمەس. كى-
چىك ئالدامچىنىڭ چوڭ جەللىگۇرلەر بىلەن بەسلەشمىگىنى
تۇزۇك. ئوغرى قىلىدىغىنىنى قىلىپ ئويناپ يۈرگىنى بىلەن،
تېنى دۇمبادىن نېرى بولالمايدۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پىلنىڭ يۇرت سورىشى

بىز كۆچلۈك، نادان ئادەمدىن قورقىمىز. ناۋادا ئۇنىڭغا كۆڭۈلچەكلىك قوشۇلۇپ قالسا ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.

※ ※

كۆپچىلىك پىلنى ئورماننىڭ ھاكىمى قىلىپ سايلاپتۇ. ئادەتتە پىللار خېلى ئەقىللىق كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دۆت-لىرىمۇ يوق ئەمەس. بۇ ھاكىم بەھەيۋەتلىكتە ئۆز قوۋمىدىكى-لىرى بىلەن ئوخشاش بولغىنى بىلەن، ئەقىل بابىدا ئۇلاردىن جىق پەرقلىنىدىكەن. ئۇ شۇ قەدەر كۆڭۈلچەك ئىكەنكى، ھەت-تا چىۋىن چاغلىق نەرسىگىمۇ زەخمەت يەتكۈزۈشنى خالىماي-دىكەن.

تەرىقەت يولىنى تۇتقان بۇ ھاكىمنىڭ ئالدىغا بىر كۈنى قوي كېلىپ، بۆرىلەرنىڭ تېرەمنى تەتۈر سويۇشنى چەكلى-سىڭىز، دەپ ئەرز قىپتۇ.

— ۋۇي مەلئۇنلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پىل بۆرىلەرگە، — بۇ نېمە قىلىق، قىپقىزىل رەزىللىك ئەمەسمۇ بۇ ! بۇنداق بۇلاڭچىلىق قىلىشىڭلارغا كىم رۇخسەت قىلدى؟

— بۇ ھەرگىز بۇلاڭچىلىق ئەمەس، بېگىم، — دەپتۇ بۆ-رىلەر، — بۇ بىر تۈزۈم، قىشلىق جۇۋىمىز ئۈچۈن قويلارنىڭ تېنىدىن ئازراق باج - خىراج ئالمىساق بولمايدۇ، بۇنىڭغا سىلىمۇ قوشۇلغان. بۇلار ئىشنىڭ يولىنى بىلمەي جېدەل قى-لىۋاتىدۇ، بىز ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكىنىمىز يوق، پەقەت بۇ



ھەمشىرىلىرىمىزدىن بىرەر پارچە تېرىلا ئالايلى دەۋاتىمىز، ئۇلار بولسا ئۆز رازىلىقى بىلەن بېرىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— ھە، مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە ! — دەپتۇ ھاكىم پىل، — ئەمىسە، ئاۋايلاپ ئىش قىلىڭلار، ئادالەتسىزلىك قىلساڭلار ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. قانۇنىمىزنىڭ رۇخسىتى بار ئىكەن، تېرىسىنى ئالساڭلار مەيلى، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا بىر تال مويىغىمۇ تېگىشكە روخسەت يوق !







www.uyghurkitap.com

# ئېشەك ۋە بۇلبۇل

ئېشەك بۇلبۇلنى كۆرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ناھايىتى خۇرسەنمەن! سېنى خەقلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدۇ دەيدۇ. ماڭىمۇ بىرەر ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، خەقنىڭ دېگەنلىرى زادى قانداق، ئاۋازىڭنىڭ زادى شۇنچىلىك ماختىغۇچىلىكى بارمۇ، يوق، بىر ئاڭلاپ باقسام.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇلبۇل پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا ساپتۇ. ئۇ ناخشىنى شۇنداق چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتىپتۇكى، ئاۋازى تۈرۈپ لەرزان ياڭراپتۇ، تۈرۈپ ئاجايىپ دولقۇنلىنىپ چىقىپتۇ. موڭلۇق كۈيدىن كېيىن شوخ كۈينى باشلاپتۇ. ئاۋۋالقى كۈيى كىشىگە يىراقتىن ئاڭلانغان نەينىڭ ئاۋازىنى ئەسلەتكەن بولسا، كېيىنكى كۈيى پۈتكۈل ئورماننى شادىمانلىققا چۆمدۈرۈپتۇ.

تاڭ مۇئەككىلىنىڭ بۇ ئېسىل كۈيچىسى خەندان ئۇرۇۋاتقان چاغدا شامالمۇ تىنچىپتۇ، قۇشلارمۇ نەغمە - ناۋاسىنى توختىتىپتۇ، مۈگدەك بېسىپ كېتىۋاتقان پادىلارنىڭمۇ ئۇيقۇسىنى ئېچىپتۇ. پادىچىمۇ خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئويناپ، كېتىۋاتقان جايىدا توختاپ ناخشىغا قۇلاق ساپتۇ، بەزىدە ھەتتا ئايال ھەمراھىغا مېھرىبانلىق بىلەن كۆز تاشلاپمۇ قويۇپتۇ.

ناخشا تۈگەپتۇ، ئېشەك سالاپەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۇنىڭغا باھا بېرىپتۇ:

— راستىنىلا يامان ئەمەس ئىكەن. ھەر ھالدا خېلى ھو-



زۇرلانغۇدەك ئېيتتىڭ، يىگىتىم. بىراق، خورازنىڭ سايراشلى-رىنى ئاڭلىساق قالتىس يايراپ كېتىمىز، ئەگەر سەن خوراز-نى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى پەدە ناخشا ئۆگى-نىۋالساڭ، تېخىمۇ قالتىس بولۇپ كەتكۇدەكسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىچارە بۇلبۇل پىررىدە ئۇچۇپ بىراقلا ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىپ كېتىپتۇ.

※ ※

ئاھ، ياراتقان ئىگەم، بىزنى ئاشۇنداق قارىغۇ باھالىغۇ-چىلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىغايسەن.









www.uyghurkitap.com

# باي بىلەن موزدۇز

چىرايلىق بىر قەسىردە كاتتا بىر باي ئولتۇرىدىكەن، ئۇ ئاجايىپ ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى يەيدىكەن، ئۆيىدە بەزمە - ئولتۇرۇشلار قاينايدىكەن، مال - دۇنياسىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن، كۆرمىگەن ھۇزۇر - ھالاۋىتى قالمىغانكەن. قىسقىسى، ئۇنىڭ قەسرىنى بۇ ئالەمنىڭ جەننىتى دېسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ ھەممە راھىتىنى ئۇيقۇسىزلىق ھارام قىلىدىكەن. بەلكىم ئۇ بىر كۈنى خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشىدىن، يا بولمىسا مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقىدىغاندۇ، مەيلى نېمىلا بولسا بولسۇن، ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋېتىپتۇ. بەزى ئەتىگەنلىرى كۆزى ئازراق ئىلىنغاندەكمۇ بولىدىكەن، لېكىن قوشنا ئۆيدىن ياڭراپ تۇرىدىغان نەغمە - ناۋا بۇ ئۇيقۇنىمۇ يوق قىلىدىكەن.

ئۇنىڭ قوشنىسى موزدۇز ئىكەن، كەمبەغەل بولسىمۇ ناخشا - مۇزىكا، كۈلكە - چاقچاققا ئامراق ئىكەن، ئەتىگەندىن - كەچكىچە، ھەتتا يېرىم كېچىگىچە توختىماي ناخشا ئېيتىدىكەن، شۇڭا ھېلىقى بىچارە بايغا بىردەممۇ ئاراملىق بولمايدىكەن. ئەجەبا بۇنىڭغا ئامال يوقمۇ؟ ئۇنى بۇ ئىشتىن توختىتىدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟ ئۇنى ناخشا ئېيتماس قىلىپ قويغىلىمۇ بولماسمۇ؟ ئۇنى ناخشا ئېيتىشتىن مەنئى قىلىسىچۇ؟ ھەممىگە روشەنكى، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ناخشا ئېيتماسلىقىنى ئىلتىماسمۇ قىلىپ باقتى، لېكىن بۇنىڭ قىلچە پاي-



دىسى بولمىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر موزدوزغا بىر پارچە خەت يېزىپ سۆزلىشىپ بېقىشنى تەكلىپ قىپتۇ. موزدوز ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

— ھۆرمەتلىك زات، ياخشىمۇ سىز؟

— سىزگە كۆپ رەھمەت، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇۋاتقاندىسىز؟

— بۇرادەر، ھال - كۈنىڭىز ياخشىدۇ، كىرىمىڭىز قانداقراق؟ (ئۆزىڭىزنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئىسمى - زاتىڭىزنىمۇ بىلىۋالدىم مانا).

— ئوقىتىممۇ؟ قەدىر ئەھۋال.

— ھە، شۇڭا كۈن بويى ناخشا ئېيتىپ، كۈلكە - چاقچاق قىلىپ يۈرىدىكەنسىز - دە. قارىغاندا تۇرمۇشىڭىز خاتىرجەم ئوخشايدۇ.

— مەن تۇرمۇشتا زارلىنىشنى خالىمايمەن، قاقشاپ يۈرۈش نومۇس - دە. قىلىمەن دېسەم ئىش دېگەن دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، شۇنداق ئوماق، چىرايلىق، ياش خوتۇنۇم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئۆيدە پەرزەنتنىڭ بولۇشىمۇ خۇشلۇق ئۈستىگە خۇشلۇق قوشىدۇ.

— پۇلىڭىز خېلى بار ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي، پۇلغۇ يىغالمىدىم، ھەرھالدا پۇل يىغىش ئۈچۈن قىلىدىغان غەم - غۇسسىدىن خالىيمەن.

— بۇ گەپچە بەك پاراۋان بولۇپ كېتىشنى خالىمايدىكەنسىز - دە؟

— ياق، پۇتۇنلەي ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ھەر ھالدا ھازىر كۆرۈۋاتقان كۈنۈمگە شۈكرى، شۇنداقتىمۇ جانابىڭىز ئۇبدان بىلىسىز، بەندىچىلىكتە قانائەت بولمايدۇ، نەپسى





شەيتان دېگەن مۈشۈك. كېسەپ ئېيتىمەنكى، سىزمۇ بالىلىقـ ـڭىزنى ئاز كۆرىسىز. ئەمدى ئۆزۈمگە كەلسەم، ئازراق بېيىپ قالغان بولساممۇ زىيىنى يوق ئىدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، دوستۇم، سۆزلىرىڭىز ئورۇنلۇق، گەرچە باينىڭ تۇرمۇشىمۇ بەك كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس بولسـ ـمۇ، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كەمبەغەللىكمۇ جىنايەت ئەـ ـمەس بولسىمۇ، مەيلى سىز قانچىلىك خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ياشاڭ، ھەر ھالدا پۇل دېگەننىڭ لازىمى بولىدۇ. سىز ماۋۇ بىر ھەميان پۇلنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ! مەن سىزنىڭ سەمىمىيلىكىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەگەر مۈشۈك ياردـ ـمىم تۈپەيلى بىردىنلا باي بولۇپ قالسىڭىز، ئۇ چاغدا مېنى بەكمۇ خۇشال قىلغان بولىسىز. لېكىن، ئاگاھ بولۇڭ، بۇ پۇللارنى ھەرگىز ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم ئىشلەتـ ـمىسە بولمايدىغان يەرگە ئىشلىتىڭ، بۇ 50 تىللا، قېنى ئەـ ـمىسە يېنىڭىزغا سېلىڭ. خوش ئەمىسە!

بىزنىڭ موزدۇزىمىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ ھەميانىنى ئاپتۇ ـ دە، كۆزدىن يوقىلىپتۇ. ئۇنى ئۆيدىن مېڭىپ ئەمەس، بەلكى ئۇچۇپ چىقىپتۇ دېسىمۇ لاپ بولمايدىكەن. ئۇ ھەميانى قويننىڭ ئىچكىرىسىگە تىقىپتۇ، شۇ كۈنى كەچتىلا يەرگە كۆمۈۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللىلا كۆمۈلگەنىكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ناخشىسىمۇ توختـ ـتاپتۇ، ئۇيقۇسىمۇ پۈتۈنلەي قېچىپتۇ. ئۇ كېچە ـ كېچىلەپ كۆز يۇمماي چىقىدىكەن، ھەرقانداق نىمىدىن بەكلا چۆچۈيدـ ـىكەن، كىچىككىنە ئاۋازنى ئاڭلىسىمۇ قورقۇپ كېتىدىكەن. مۈشۈكنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالسىمۇ، ئوغرى تام تېشىۋاتامدىكىن دەپ قورقۇپ، قارا تەرگە چۆمگىنىچە قۇلاقـ





لىرىنى دىڭ قىلىپ كارىۋىتىدا تىك ئولتۇرۇپ چىقىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ تۈگىشىپتۇ، ئۆزىمۇ قاتتىق روھسىزلىنىپ خىيال ئىچىدە قاپتۇ، ئاخىر ئويلىنىپ بىر چىقىش يولى تېپىپتۇ، ھەمياننى ئېلىپ شەيقەتچىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— سىزنىڭ بۇ سوۋغىتىڭىزغا كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ ئۇ ناھايىتى ئالدىرىغان ھالدا، — مەن سىزدىن خۇش بولسام، مۇشۇ ھەميانىڭىزنى مەندىن ياندۇرۇۋالغان بولسىڭىز، مانا ئۇنىمۇ ئېلىپ كىردىم. بۇ ماڭا بايلىق دېگەننىڭ ئادەم ئۇخلاتمايدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇتتى، شۇ بايلىقىڭىزنى قانداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىز قىلىڭ. ئەگەر پۇل - دۇنيا ئۈچۈن ناخشىدىنمۇ، ئۇيقۇدىنمۇ ۋاز كېچىدىغان ئىش بولسا، ماڭا بىر مىليون تىللا بەرسىڭىزمۇ ئۇنىمىغۇدەكمەن !



[General Information]
书名=克雷洛夫寓言 2  维吾尔文
SS号=40250858